


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

2014
1



# 农村科技

ISSN 1004-1095
01>

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

# دېھقانلارنى نەق مەيداندا تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى




ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2014 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 345 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

كېۋەزنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار .... رىزۋانگۇل مويدۇن (1)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

زىيانسىز شوخلا ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ........................................جۇرئەت رۇستەم (2)
پارنىكتا مۇچ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ...................................... بىنىنۇر ئابدۇرېشىت (3)
پارنىكتا بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ................................ھەلىمە تۇرسۇن (5)

## ئوغۇت، تۇپراق

قاشقا بېدىنىڭ تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى .... پاتىگۇل ئوبۇل قاتارلىقلار (8)
كۆزگى بۇغداينى قايتا كۆكلەشتىن بۇرۇن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ........................................................ئامانگۇل ھاشىم (9)
كۆزگى بۇغداينىڭ تۇنجى سۇيىغە بىرلەشتۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ...نۇرنىسا تۇراپ (10)
ئۈزۈمنى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى .... ماھىنۇر ھەمدۇللا (11)
ئوزۇقلۇق توپا ۋە ئۆستۈرۈش ماددىسى تەييارلاش ئۇسۇلى ............ ئەخمەتجان جېلىل (13)
ئاساسىي ئوغۇتنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك ..........ئېلىجان مەمەت قاتارلىقلار (15)
شاخ ـ شۇمبىنى تېز سۈرئەتتە ئېچىتىپ ئېتىزغا قايتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ....... مەھمۇد غېنى (16)

## باغۋەنچىلىك

چىلانغا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى ........ئىسرائىل ياسىن قاتارلىقلار (18)
ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.............................ئايگۇل نىياز (22)
بادام كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ................................ پاشاگۇل ئەمەت (23)
ھەر خىل ياشتىكى ئانار دەرەخلىرىنى چاتاش ئۇسۇللىرى ............گۇلشات توختىمۇش (26)

## ئورمانچىلىق

شىنجاڭ تىرىكىنىڭ كۆچىتىنى يالتىراق يىپەك يېتىشتۈرۈش .......گۇلبوستان قادىر قاتارلىقلار (30)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

بۇغداينى تېرىش مەزگىلىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يو ـ

قىتىش ................................ روزىگۇل تۇردى (31)
باش ئەتىيازدا پارنىك شوخلىنىڭ بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىـ
تىش ئۇسۇللىرى .............................ئاسىمگۇل تۇرسۇن (32)
ئۇزۇمدە كۆرۈلىۋاتقان ئاساسلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يو ـ
قىتىش ............................ پاتىگۇل ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار (33)
قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ............ مەسۇت مەمەتجان (38)
بۇغداي كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـيوقىتىش ئۇسۇلى .............بەختىگۇل ئايۇپ (39)
تاۋۇزدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
.........................................نۇرزىيەگۇل ماخمۇت قاتارلىقلار (41)
شوخلىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى
........................................ سەيپىدىن مۆلدىن قاتارلىقلار (43)
پارنىك شوخلىسىنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا زىيىنىغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۇسۇلى ........................................ ھاجىگۇل مەخەت قاتارلىقلار (45)

## سۇچىلىق

ئاتۇش شەھىرىدە «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا
ئويلىغانلىرىم ......................................... ئەخمەتجان باقى (46)
سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قىلىپ، رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغ ـ
رىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە..........................................مېھرىگۇل مۆمىن (49)
ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يۈزىنى يۆزلەپ سۇ ئاققۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى .........رەيھانگۇل ئەيسا (50)
كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۇسمىسى ياساپ زىياننى ئازايتىش ......سابىتجان مامۇت (51)
سۇغىرىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى .........مەمەتئېلى ئەمەت (52)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

چۆجىلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرلىرى .... ساۋۇت رىشىت (53)
ئۆي ھايۋانلىرى ئېھتىياجلىق مىنېرال ئوزۇقلۇقلار..............................بەگمۇرات (55)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

ئۈچ خىل مۈلۈكنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى
..................................................................ئارۇبجان مەرۇپ (57)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ............(59)

## بىلىۋېلىڭ

قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار
...................................................... باھارگۈل تۇرۇپ (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2014年第1期
总345期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

棉花优质高产栽培要点……热孜万古丽·莫依丁(1)

## 设施农业

无公害番茄栽培方法……居尔艾提·肉斯坦(2)
温室辣椒栽培方法……比比努尔·阿布都热西提(3)
温室草莓栽培技术……艾丽曼·吐尔逊(5)

## 土壤肥料

草木犀的提高土壤肥力作用……帕提古丽·吾布力等(8)
冬小麦返青前追肥注意事项……阿曼古丽·阿西木(9)
春季冬小结合麦头水追肥方法……努尔尼山·吐拉甫(10)
根据葡萄需肥特点施肥方法……玛依努尔·艾木都拉(11)
营养土及基质制备方法……艾合买提江·吉力力(13)
不要轻视基肥作用……艾力江·买买提等 (15)
秸秆速腐还田要点……买合木提·艾尼等(16)

## 园艺特产

枣树套种农作物方法……依斯热甫力·牙生等(18)
核桃育苗要点……阿依古丽·尼亚孜(22)
巴旦木育苗技术……帕夏古丽·艾买提(23)
石榴不同时期修剪方法……古丽夏提·托合提木西(26)

## 林业技术

新疆杨树铺膜育苗……古丽博斯坦·卡迪尔等(30)

## 植物保护

小麦播种期病虫害防治方法……肉则古丽·吐尔迪(31)
早春温室番茄早疫病防治方法……阿斯姆古丽·吐尔逊(32)

葡萄常见病虫害防治防治方法 ............ 帕提古丽·阿不都热依木等(33)
甜菜根腐病防治方法 ............................ 买苏提·买买提江(38)
小麦病害防治方法 ............................ 白合提古丽·阿尤莆(39)
西瓜虫害防治方法 ............................ 努尔孜叶古丽·马和木提等(41)
西红柿常见病害防治方法 ............................ 萨比丁·莫力丁等(43)
温室番茄防治低温影响 ............................ 阿吉古丽·买合提等(45)

## 农田水利

阿图什市做好《家家输水》工作看法 ............... 艾合买提江·巴克(46)
进行节水工程促进我区农业生产的简要分析 ........ 米克热古丽·莫明(49)
关于渠道防渗的重要性 ............................ 热汗古丽·艾沙(50)
做好防洪坝提减轻洪灾 ............................ 萨比提江·马木提(51)
灌溉存在问题及解决方法 ............................ 麦麦提艾力·艾麦提(52)

## 畜牧兽医

春季提高雏鸡成活率方法 ............................ 萨吾提·热西提(53)
家畜需要的矿物质 ............................ 别克木拉提(55)

## 农经管理

强化《三资》管理几点建议 ............................ 阿肉莆·买肉铺(57)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ............................(59)

## 百科知识

手提电器使用注意事项 ............................ 巴哈尔古丽·吐鲁莆(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　定价：2.00元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN65 - 1046 / S - W
邮政代码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# كېۋەزنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

رىزۋانگۇل مويدۇن
(كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

1. ئوخشاش بولمىغان كېۋەز سورتى، ئوخشاش بىر رايوندا ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيەلىك شارائىتتا، ھەتتا ئوخشاش بىر ئېتىزدا ئوخشاش پەرۋىش تەدبىرى قوللانسىمۇ، مەھسۇلات سەۋىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا سورتىنىڭ بەلگىلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق خۇسۇسىيىتى بولۇش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلغان بولۇش لازىم.

2. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورت ئېھتىياجلىق مۇھىت شارائىتنى ھازىرلاش كېرەك. سورتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچى بىلەن مۇھىتنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىدىن قارىغاندا، ئالدىنقىسىنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى تەخمىنەن 40%، كېيىنكىسىنىڭ مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى 60% بولىدۇ. مانا بۇ ئوخشاش بىر سورتىنىڭ ئوخشىمىغان رايوندا ياكى ئوخشاش بولمىغان يەرگە تېرىغاندا مەھسۇلاتىدا پەرق بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بۇ خىل پەرق ئوخشىمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان يەرلەردە سىرتقى مۇھىت شارائىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، تۇپراقنىڭ سۈپىتى، تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى، سۇ مىقدارى، ئوزۇقلۇق، يورۇقلۇق قاتارلىقلار. ئەگەر مۇھىت شارائىتقا ماسلىشالىسا يۇقىرى مەھسۇلات بېرىدۇ، ئەگەر ماسلىشالمىسا تۆۋەن مەھسۇلات بېرىدۇ. كېۋەزنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلىرى بىرقەدەر ئەۋزەل بولغان مۇھىت شارائىتتا يېتىشتۈرۈلىدۇ. شۇڭا چوڭ ئېتىزدا تېرىغاندا بىرقەدەر مۇۋاپىق بولغان مۇھىت شارائىتنى ھازىرلىغاندا ئاندىن سورتىنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق خۇسۇسىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

3. ھەر مو يەردىكى تۈپ سانىنى كۆپەيتىپ، يەككە تۈپتە غوزىنىڭ كۆپىيىشىنى قوغلاشماسلىق. رايون، سورت، تۇپراق، ئوغۇت، يەرگە سالغان مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۆستۈرۈش زىچلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر كېۋەزنىڭ ئۆستۈرۈش زىچلىقى 10 ـ 16 مىڭ تۈپكە ھەتتا يۇقىرىسى 18 ـ 20 مىڭ تۈپكە يەتتى. بۇنىڭدا مەھسۇلاتنى بەلگىلەيدىغان تۆت ئامىلنىڭ ئىچىدە غوزا ئېغىرلىقى بىلەن ساپ پاختا نىسبىتى مۇقىم ئۆزگەرمەيدۇ. بىردىنبىر ئۆزگىرىدىغىنى ھەر مودىكى تۈپ سانى بىلەن يەككە تۈپتىكى غوزا سانىدىن ئىبارەت. (03)

# زىيانسىز شوخلا ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

جۇرئەت رۇستەم
(غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

**1. سورت تاللاش:** پارنىكتا پەمىدۇر ئۆستۈرۈشتە يوپۇرماق پاختىلىشىش كېسىلى، كولرەڭ پاختىلىشىش كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى قاتارلىقلارغا چىداملىق، مەھسۇلاتى يۇقىرى، مېۋىسى چوڭ، سۈپىتى ياخشى، ساقلاش، توشۇشقا چىداملىق، چىلگە سورتلارنى تاللاش كېرەك.

**2. ئوغۇتلاش:** مايسا كۆچۈرۈشتىن 15 ـ 20 كۈن بۇرۇن، ھەر مو يەرگە 8 ـ 10 كۇب مېتىر تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت، 40 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵)، 30 كىلوگىرام كالىي سۇلفات (硫酸钾)، 1 ـ 2 كىلوگىرام يىنىك سۇلفات (硫酸锌) بېرىش كېرەك.

**3. مايسا كۆچۈرۈش:** چوڭ قىرنىڭ كەڭلىكىنى 80 سانتىمېتىر، كىچىك قىرنىڭ كەڭلىكىنى 60 سانتىمېتىر، توپ ئارىلىقىنى 30 ـ 35 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەرگە 2500 ـ 3000 توپ مايسا كۆچۈرۈلىدۇ.

**4. مايسا كۆچۈرۈشتىن كېيىنكى پەرۋىشى:** (1) تېمپېراتۇرا: پارنىك يوتقىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، يورۇقلۇق چۈشۈش ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر ئۇزارتىش كېرەك؛ پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 20℃ ~ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 31℃ تا، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ، 8℃ تىن يۇقىرى ساقلاش كېرەك. كۈندۈزى تېمپېراتۇرا 30℃ قا يەتكەندە ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك؛ (2) تۈنجى چېچەكلىگەندە، تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن چېچەك ۋە مېۋىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھاۋا ئوچۇق كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سائەت 9 ـ 11 دە شۇ كۈنى ئېچىلغان چېچەك ساپىقىغا توماتوتون (防落素) سۈرۈش كېرەك. مېۋە توختىغاندىن كېيىن، چېچەك، مېۋىنى مۇۋاپىق شاللىۋېتىپ، ھەربىر ساپاقتا 3 ـ 4 تال مېۋە قالدۇرۇلسا بولىدۇ؛ (3) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: بىرىنچى ساپاق مېۋىسى ياڭاقچىلىك بولغاندا ھاۋا ئوچۇق كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال سۇغىرىش ۋە چۈشتە ھاۋا ئالماشتۇرۇپ نەملىكىنى چىقىرىۋېتىش كېرەك. سۇغىرىش بىلەن بىرگە ھەر مو يەرنى 30 ـ 50 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. 2 ـ 3 قېتىم كالىيلىق ئوغۇتنى يوپۇرماقتىن پۈركۈش كېرەك. پەمىدۇر كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە، يەنە ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. ھەر قېتىمدا ئىككى ئاممونىيلىق فوسفاتتىن 20 ـ 30 كىلوگىرام، كالىي

# پارنىكتا مۇچ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

بىنىنۇر ئابدۇرېشىت
(غۇلجا ناھىيە چولۇقاي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

**1. سورت تاللاش:** ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتكە چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، تاۋارلىقى ياخشى سورتلارنى تاللاپ تىكىش لازىم.

**2. ئوغۇتلاش ۋە يەر تاللاش:** يەر تاللاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەرمو يەرگە تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن 4000 ـ 6000 كىلوگرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) تىن 40 ـ 50 كىلوگرام، بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) تىن 10 ـ 15 كىلوگرام، ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك.

**3. دېزىنفېكسىيە قىلىش:** (1) ئۇرۇقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن 2 ـ 3 كۈن ئاپتاپقا سېلىش كېرەك. ئۇندىن باشقا ئۇرۇقنى مارگانسوپ (高锰酸钾) بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ياكى 55℃ سۇغا سېلىپ تېمپېراتۇرىسى 35℃ قا چۈشكىچە ئارىلاشتۇرۇپ، 4 ـ 5 سائەت سۇغا چىلاپ ئاندىن پاكىز سۇدا چايقاپ، داكىغا ئوراپ بىخلاندۇرۇپ ئۇزۇقلۇق خالتىسىغا تېرىش لازىم. (2) پارنىك ئىچىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: ئوت ـ چۆپلەرنى پاكىز تازىلاش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ 10 ـ 15 كۈن ئاپتاپقا سېلىش، پارنىك ئىچىنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دۈملەپ مىكروبسىزلاندۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش، چىرىمىگەن ئوغۇتنى قەتئىي بەرمەسلىك، ئازوت، كالىي، فوسفور ئوغۇتىنى مۇۋاپىق بېرىش، يوپۇرماق ئوغۇتىنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. (3) تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: ھەرمو يەرگە 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن ئىككى كىلوگرام، 50% لىك تىرام (硫美双) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 1.5 كىلوگرام تەييارلاپ، ھەربىر مېتىر يەرگە 8 ـ 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا توپا ئارىلاشتۇرۇپ، مايسىزارلىققا ئۇرۇق تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنىڭ ئۈستىگە چېچىش ئار-

---

سۇلفاتتىن 15 ـ 20 كىلوگرام بېرىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 0.5% ـ 1% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نى ياكى 0.3% ـ 0.5% لىك كالىي سۇلفاتنى يوپۇرماقتىن پۈركۈش كېرەك؛ (4) پۇتاش: ۋاقتىدا پۇتاپ، يېنىقا ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈپ، سارغايغان يوپۇرماق، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، ھاۋا ئۆتۈشۈشنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. (03)

قىلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. دىققەت قىلىدىغان يېرى مايسىزارلىقنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ، دورىدىن زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (4) قىزىتىلىق ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش: پارنىك ئىچىنى ياز پەسلىدە 7 ـ 10 كۈن دۈملەپ، تېمپېراتۇرىنى 60℃ قا يەتكۈزۈپ، كېسەللىك مىكروبىنى يوقىتىش كېرەك. دۈملەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا: گۈڭگۈرت پاراشوكىدىن 2.4 كىلوگىرام، ھەرە كېپەكىدىن 4.5 كىلوگىرام، دىدىۋىدىن بىر كىلوگىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىسلاپ ئاندىن دۈملىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەمما دۈملەپ بولغاندىن كېيىن 2 ـ 3 كۈن ھاۋا ئالماشتۇرۇپ ئاندىن مەشغۇلات قىلىش كېرەك.

**4. مايسا كۆچۈرۈش:** قۇر ئارىلىقىنى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر قىلىپ، بىر ئۇۋىغا قوش ياكى تاق مايسا كۆچۈرۈپ ئاندىن قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك.

**5. مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى پەرۋىشى:** (1) تېمپېراتۇرا، ئادەتتە 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئەتىيازلىق مايسا كۆچۈرسە بولىدۇ. كۈزلۈك مايسا كۆچۈرۈش 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە تېمپېراتۇرىسى ھاۋا ئوچۇق كۈنى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ بولسا، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 15℃ ـ 30℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ھاۋا تۇتۇق كۈنى كۈندۈزى 20℃ ـ 22℃ بولسا، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 10℃ ـ 13℃ بولسا، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى 10℃ ـ 15℃ بولسا مۇۋاپىق، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 10℃ تىن تۆۋەن بولماسلىق كېرەك. (2) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: دەسلەپكى مېۋىسى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەرمو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) بېرىش كېرەك. مېۋىسى يىغىۋېلىنىغان ۋاقىتتا سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر بىر مو يەرگە 15 ـ 30 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بېرىش كېرەك. كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىپ، ھەر مو يەرگە ئىككى قېتىمدا بىر ھەر 5 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا، 8 ـ 10 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىش كېرەك. باستۇرۇپ سۇغىرماسلىق ۋە ھاۋا تۇتۇق كۈنى سۇغىرماسلىق كېرەك. (3) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېسەللىككە چىدامىلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك.

**6. يىغىۋېلىش:** ئادەتتە كۆك ۋە قىزىل مېۋىسى بازارغا سېلىنىدۇ. شۇڭا بازارنى مۇۋاپىق توغرا مۆلچەرلەپ، ۋاقتىدا ئۈزۈپ سېتىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. (03)

# پارنىكتا بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ھەلىمە تۇرسۇن
(غۇلجا ناھىيە مازار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

**ئۆستۈرۈش شەكلى:** (1) تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش: تەبىئىي شارائىتتا بۆلجۈرگەن چېچەك بىخى بۆلۈنۈپ تېخى تىنچلىنىشقا كىرمىگەن ۋاقىتتا، پارنىك سولياۋنى يېپىپ ئىسسىقلىقنى ساقلايدىغان بىر خىل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چىلگە سورتلارنى تاللاپ تىنچلىنىشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئىسسىقلىقنى ساقلاپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىلەن تەمىنلەش ۋە گىببېرلىن (赤霉素) بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ياكى سۇنئىي ئۇسۇلدا يورۇقلۇق تولۇقلاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، تىنچلىنىشقا كىرىشنى توسۇپ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا نورمال ئۆستۈرۈپ، چېچەكلىتىش ۋە مېۋىلىتىش كېرەك. بۇ خىل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىرىنچى قېتىملىق مېۋىسىنى 12 ـ ئايدىن 2 ـ ئايغىچە ئۈزگىلى، ئىككىنچى قېتىملىق مېۋىسىنى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ئۈزگىلى بولىدۇ؛ (2) يېرىم تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش، بۇ خىل ئۆستۈرۈش، ئۇسۇلى بۆلجۈرگەن كۈز پەسلىدە تەبىئىي شارائىتتا چېچەك بىخى بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق 5℃ تىن تۆۋەن شارائىتتا تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرگۈزۈپ، تىنچلىنىش مەزگىلى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارنىكقا سولياۋنى يېپىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا بىلەن تەمىنلەش، گىببېرلىن بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ياكى سۇنئىي ئۇسۇلدا يورۇقلۇق تولۇقلاش ئارقىلىق نورمال ئۆستۈرۈپ، چېچەكلىتىش ۋە مېۋىلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چىلگە ياكى چاغدا سورتلار تاللىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆستۈرگەندە چېچەك بىخىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە تىنچلىنىش ۋاقتى يېتەرلىك بولغاچقا، تۈپنىڭ ئۆسۈشى تىمەن، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە مېۋىلەش ۋاقتى 3 ـ 5 ئايغىچە ياكى تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ.

**ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى:** (1) مايسا يېتىشتۈرۈش: تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈش، بۆلجۈرگەننى بالدۇر پىشۇرۇش ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئاساسى. تىمەن مايسا ئۆلچىمى: 4 ـ 5 تال يوپۇرمىقى بولۇش يوپۇرمىقى چوڭ ھەم قېلىن، رەڭگى قېنىق يېشىل، يوپۇرماق سېپى قىسقا ھەم توم، غولىنىڭ توملۇقى بىر سانتىمېتىردىن يۇقىرى، بەش سانتىمېتىردىن ئۇزۇن، يىلتىزىنىڭ سانى 15 تالتىن ئارتۇق بولۇش، يىلتىزى سۈت رەڭ، پارقىراق، مايسىنىڭ ئېغىرلىقى 2.5 گىرامدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك؛ (2) سورت تاللاش: سورت ئوخشاش بولمىسا چېچەك بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىگە كېرەكلىك بولغان تېمپېراتۇرا، يورۇتۇش شارائىتى ۋە ئېچىلىشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ يىغىندىسى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئوخشىمىغان ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىغا ئوخشىمىغان سورتلارنى تاللاش كېرەك. ① تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش: چېچەك بىخىنىڭ بۆلۈنۈش ئىنكاسى كۈچلۈك بولمىغان، تىنچلىنىش مەزگىلى قىسقا، سوغۇققا چىداملىق، ئۆسۈشى كۈچلۈك، گۈل چېكى كۆپ ھەم بىجىرىم، مېۋىسى كىچىك، تەكشى، غەيرىي مېۋە ئاز، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى سورتلار

تاللىنىدۇ؛ ② يېرىم تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش: يېرىم تېزلىتىپ ئۆستۈرۈشتە چېچەك بىخى كۆپ ھەم تولۇق مېۋىسىنىڭ شەكلى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى سورتلار تاللىنىدۇ؛ (3) ئوغۇتلاش: بۆلجۈرگەن ئوغۇت خالايدۇ. ئاساسىي ئوغۇتقا ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئاساسى. ئادەتتە ھەر مو يەرگە بېرىلىدىغان قوتان ئوغۇتى 5000 كىلوگىرامدىن كەم بولماسلىقى كېرەك. تولۇق چىرىتىلگەن توخۇ مايىقى بېرىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر موغا بىرىكمە ئوغۇتتىن 20 ـ 30 كىلوگىرام بېرىش كېرەك. ئوغۇتنى پارنىك ئىچىگە تەكشى چېچىپ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تەكشى تىرنىلاپ ئاندىن قىر ئېلىش كېرەك. ئېرىق كەڭلىكى 35 سانتىمېتىر، قىر كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر، قىر ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. ئەگەر تۇپراق بەك قۇرغاق بولسا مايسىنىڭ تۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مايسا كۆچۈرۈشتىن 5 ـ 6 كۈن ئاۋۋال سۇغىرىش كېرەك؛ (4) مايسا كۆچۈرۈشتە تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، ئاساسىي ئوغۇتى يېتەرلىك ياكى مايسا تىمەن بولسا، مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ كۆچۈرسە بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا بالدۇرراق كۆچۈرۈپ، ئېگىز قىرغا ئىككى قۇر، قۇر ئارىلىقىنى 35 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا كۆچۈرۈش كېرەك. ئادەتتە ھەر مو يەرگە 10 مىڭ تۈپ ئەتراپىدا مايسا كۆچۈرۈلىدۇ. مايسا كۆچۈرگەندە مايسىنىڭ ئەگرى تەرىپىنى ئېرىق تەرەپكە قىلىپ كۆچۈرسە مېۋىسى ئىككى تەرەپكە بولۇپ ھاۋا ئۆتۈشۈشكە ۋە يېغىشقا پايدىلىق بولىدۇ. مايسىنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھاۋا تۇتۇق كۈنى كۆچۈرۈش، ھاۋا ئوچۇق كۈنى سائەت ئۈچتىن كېيىن كۆچۈرۈش، كۆچۈرۈپ بولۇپلا ۋاقتىدا قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. كېيىنكى 2 ـ 3 كۈندە ئازراق سۇغىرىش كېرەك. مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قوشۇمچە ئوغۇتلىماسلىق ۋە سۇغارماسلىق كېرەك، تۇپراق نەمخۇش بولسىلا بولىدۇ. چېچەك بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەرمو يەرگە 10 كىلوگىرام ئورىيانى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ بەرسە بولىدۇ، ئۇندىن كېيىن ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغارسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش، تۆۋەن تەرەپتىكى قىرى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈۋېتىش، ياندىن چىققان ياتما غولنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك. (5) ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە كېيىنكى پەرۋىشى: ① ئىسسىقلىق ساقلاش: پارنىك سولياۋنىڭ يېپىلىشى ئىسسىقلىق ساقلاشنىڭ باشلىنىشى، مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئىسسىقلىقنى ساقلاش بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقىلارنىڭ بىرى. تېزلىتىپ ئۆستۈرۈشتە مۇۋاپىق ۋاقىتتا، يەنى بىرىنچى بىخى بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، بۆلجۈرگەن تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىسسىقلىق ساقلاش كېرەك. ② تېمپېراتۇرىنى تەڭشەش: كۈندۈزى 28℃ ـ 30℃ تا ساقلاش، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 35℃ تىن ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ تا ساقلاش، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 8℃ تىن تۆۋەن بولماسلىق كېرەك. غۇنچىلاپ چېچەكلىگەن ۋاقىتتا كۈندۈزى 25℃

ـ 28℃ تا، كېچىسى 8℃ ـ 10℃ تا، ساقلاش ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 13℃ تىن تۆۋەن بولماسلىق كېرەك، بولمىسا چېچەكلىرى چېكىنىپ، ئاتلىق ۋە ئانىلىقنىڭ يېتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. مېۋىسى يوغىناش ۋە پىشىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولسا مېۋىسى يوغان بولىدۇ، پىشىشى كېچىكىدۇ؛ تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا بالدۇر پىشىدۇ، بىراق مېۋىسى كىچىك بولۇپ قالىدۇ. ئادەتتە كۈندۈزى 20℃ ـ 25℃، كېچىسى 6℃ ـ 8℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ ③ نەملىكنى تەڭشەش: ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ھەر كۈنى چۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. ھاۋا تۇتۇق، قار ياغقان كۈنلىرى پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى يۇقىرى بولغاچقا، نەملىكنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، لېكىن بۇ چاغدا ئىسسىقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، چۈشتە قىسقا ۋاقىت ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئادەتتە چېچەك چاڭلىنىش مەزگىلىدە نەملىك 40% ـ 60% بولۇشى، باشقا ۋاقىتتا 80% تىن تۆۋەن بولۇش كېرەك؛ ④ سولياۋ يوپۇق يېپىش ئارقىلىق، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ، تۇپراقتىكى ئوغۇتلارنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ ھەم سۇنىڭ پارلىنىشىنى ئازايتىپ، پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىپ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ⑤ گىببېرېللىن بۆلجۈرگەننىڭ تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش (تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش) ۋە تىنچلىنىشىنى بۇزۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش (يېرىم تېزلىتىپ ئۆستۈرۈش)، ھەم چېچەكنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ؛ ⑥ بۆلجۈرگەن سۇغا مايىل زىرائەت، پارنىكتا سولياۋ ياپقاندىن كېيىن تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ. تۇپراق ۋە تۈپنىڭ پارلاندۇرۇشى كۆپ بولغاچقا، ئاسانلا سۇ كەمچىللىك كۆرۈلىدۇ، شۇڭا ۋاقتىدا سۇ تولۇقلاش كېرەك. پارنىكتا ۋە يەرگە سولياۋ يوپۇق يېپىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىپ تۇپراقنىڭ نەمخۇش ھالىتىنى ساقلاش كېرەك؛ ⑦ پۇتاش: ئادەتتە ئاساسىي بىختىن باشقا، 2 ـ 3 تال تىمەن يان بىخنى قالدۇرۇپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان يوپۇرماق، قىرى يوپۇرماق ۋە ياتما غوللارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش ھەتتا كېيىنرەك ئېچىلغان كىچىك چېچەكلەرنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك. قانچە مېۋە قالدۇرۇش سورتنىڭ مېۋىلەش ئالاھىدىلىكى ۋە تۈپنىڭ قاۋۇللۇقىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە بىرىنچى چېچەكتە 12 تال مېۋە، ئىككىنچى چېچەكتە يەتتە تال مېۋە قالدۇرسا بولىدۇ؛ ⑧ چاڭلاشتۇرۇش: پارنىك ئىچىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك يۇقىرى، يورۇقلۇق ئاجىز بولۇش سەۋەبىدىن بۆلجۈرگەننىڭ چاڭلىنىشى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، شۇڭا سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى پارنىك ئىچىگە ھەرە قويۇپ بېرىش كېرەك. ئادەتتە ھەربىر پارنىكتا بىر ساندۇق ھەرە قويسا بولىدۇ. ھەرە قويغاندا چاڭلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېمپېراتۇرا، نەملىكنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 15℃ ـ 25℃ تا كونترول قىلسا بولىدۇ. بۆلجۈرگەن چېچەكلەشتىن 5 ـ 6 كۈن بۇرۇن ھەرە قويۇش، ھەرە قويۇشتىن 10 ـ 15كۈن بۇرۇن كېسەللىك ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورا چېچىپ ھەرە قويۇپ بەرگەندە دورا چاچماسلىق كېرەك. (03)

# قاشقا بېدىنىڭ تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى

پاتىگۈل ئوبۇل تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

1. قاشقا بىدە يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى بولۇپ، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا ۋە ئازوت ئېلېمېنتىنى ئاشۇرىدۇ. يېشىل ئوغۇت تەركىبىدە 15% ئورگانىك ماددا، 0.19% كالىي، 0.4% فوسفور بولىدۇ. كالتسىي، ماگنىي قاتارلىق مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلارنىمۇ كۆپەيتىدۇ.

2. تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلايدۇ. قاشقى بىدىنىڭ يىلتىزى تەرەق-قىي قىلغاچقا، تۇپراقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارنى سۈمۈرۈپ ئۈستۈنكى قاتلامدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى كۆپەيتىدۇ. قۇرغاق-چىلىققا چىدامىلىق، تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش، ھاۋا ئالمىشىش شارائىتىنى ياخشىلاپ ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىدۇ.

3. قاشقا بىدە تۇپراقنىڭ يالىڭاچ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياۋا ئوت-چۆپنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەيدۇ. سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قۇمنى تىزگىنلەيدۇ. ھاۋانى ساپلاشتۇرۇپ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يىلتىزى مىكرو ئورگانىزملار ئاجراتمىلىرىنىڭ كېسەل مىكروبلىرىنى تورمۇزلاش رولى بولىدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ چىرىش كېسىلى، كېۋەزنىڭ يىلتىزى چىرىش كېسىلى، ياڭيۇنىڭ زىدە كېسىلى قاتارلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش يېزا ئىگىلىكىدە يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، ئوغۇت تولۇقلاش، ئۈنۈملۈك ئوزۇقلۇقلارنى كۆپەيتىش، ئوغۇت يېتىشمەسلىكنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. (05)

# كۈزگى بۇغداينى قايتا كۆكلەشتىن بۇرۇن قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار

ئامانگۈل ھاشىم
(كۇچا ناھىيە ئىشغىلا بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

كۈزگى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەتىيازدا قايتا كۆكلەشتىن بۇرۇن قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئىنتايىن مۇھىم. (1) قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋاقتى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. كۈزگى بۇغداي ئېتىزىنىڭ توڭى 5 ـ 10 سانتىمېتىر ئېرىگەندە يەنى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئوغۇتلاش ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى ئەتىيازدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى مۇقىم بولمىغاچقا، ئوغۇتلاش ۋاقتى بەك بالدۇر بولۇپ كەتكەندە بۇغداي يىلتىزى ئېچىلىپ قېلىپ ئۈششۈك كۆرۈپ ئۈنۈملۈك تۈپ سانىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بەك كېچىكىپ ئوغۇتلىغاندا تۇپراق نەملىكى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئوغۇت تولۇق ئېرىپ بولالماي، ئوغۇت ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ؛ (2) ئوغۇتلاشتىن بۇرۇن تىرنىلاش كېرەك. توڭ ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىش، توپا يېپىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلىش لازىم. ئوغۇتلاشتىن بۇرۇن تىرنىلىمىسا ئوغۇت غازاڭ، چاۋا ـ چاتقال، مەھەللىۋى ئوغۇت ئۈستىگە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، ئوغۇت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. تىرنىلىغاندا تۇپراق يۈزى تازىلىنىپ، تۇپراق نەملىكىنى ھەم ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ؛ (3) ئوغۇتلاشتا ئوغۇت تەركىبىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. تۇپراق تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن تەڭشەلگەن ئوغۇت ياكى بۇغداي مەخسۇس ئوغۇتى ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئۈنۈملۈك تۈپ سانىنى كۆپەيتىپ ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئۈنۈملۈك باشاققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ (4) ئوغۇتلاشتا ئوغۇت مىقدارى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. يەنى ھەر مو يەرنى 20~25 كىلوگىرام ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. ئوغۇت مىقدارى بەك ئاز بولۇپ قالغاندا ئەتىيازدا قايتا كۆكلەش مەزگىلىدىكى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلماي ئۆسۈپ يېتىلىش كېچىكىپ كېتىدۇ. ئوغۇت مىقدارى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەندە بۇغداي مايسىسى سارغىيىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئوغۇتلاش مىقدارىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك؛ (5) ئوغۇتلاشتا مەشغۇلات قائىدىسىگە دىق-

## كۆزگى بۇغداينىڭ تۈنجى سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

نۇرنىسا تۇراپ
(توقسۇ ناھىيە دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن 84400)

**قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** (1) قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا ئوغۇتلاش مەزگىلى، ئوغۇتلاش مىقدارى، ئوغۇت نىسبىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە تۇپراق قاتلىمىنىڭ توڭى ئېرىگەندە، ھەر مو يەرگە 400 ـ 450 كىلوگىرام مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 8 ـ 10 كىلوگىرام، 500 ـ 550 كىلوگىرام مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 10 ـ 15 كىلوگىرام، 550 ـ 600 كىلوگىرام مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 20 ـ 25 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) نى سىيالكا بىلەن 3 ـ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بەرسە، بۇغداي مايسىسىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ھەمدە بۇغداي مايسىسىنى قايتا كۆكىرىش مەزگىلىدە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك تۇپچىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (2) بۇغداي مايسىلىرى قايتا كۆكىرىپ غول تارتىش مەزگىلىگە كىرگەندە ھەر مو يەرگە 1 ـ سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ، 400 ـ 450 كىلوگىرام مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 15 ـ 20 كىلوگىرام، 500 ـ 550 كىلوگىرامغىچە مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 20 ـ 25 كىلوگىرام، 550 ـ 600 كىلوگىرامغا مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن 25 ـ 30 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ سۇغارسا، مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. سۇغىرىش:** بۇغداينىڭ تۈنجى سۇيىنى قۇيۇشنىڭ ئەڭ ياخشى مەز-

قەت قىلىش كېرەك. سىيالكىدا ئوغۇت بەرگەندە سىيالكا دىسكىسىنى چوقۇم بۇغداي قۇر ئارىلىقىغا توغرىلاپ، بۇغداي مايسىسىنىڭ سىيالكىدا زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم مەشغۇلات قىلغۇچى ئېتىزدا قالايمىقان مېڭىپ قايتا كۆكلەشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك؛ (6) ئوغۇتلاشتا سىيالكىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئوغۇتلاش چوڭقۇرلۇقى مۇۋاپىق بولۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئۈزۈمنى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

ماھىنۇر ھەمدۇللا
(ئۇنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

ئادەتتە ھەر 1000 كىلوگىرام ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، 12 كىلوگىرام ئازوت، ئالتە كىلوگىرام فوسفور، 14 كىلوگىرام كالىي سەرپ بولىدۇ. يىللىق ئۆسۈش مەزگىلىدە، مېۋىلەشتىن ئىلگىرى ئازوت، فوسفور، كالىيغا بولغان ئېھتىياجى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. بۇ ئوزۇقلۇقلار ئۈزۈم تېلىنىڭ بىخلىنىشى، يېڭى شاخلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە چېچەكلەپ، مېۋىلەشكە سەرپ بولىدۇ. بۇ چاغدا بىر قىسىم ئوزۇقلۇق ئۈزۈم تېلىدا ساقلانغان ئوزۇقلۇقتىن كېلىدۇ. بىراق تۇپراقتىن سۈمۈرۈلىدىغان ئوزۇقلۇقى كۆپىيىدۇ. مېۋىسى چوڭىيىشتىن يىغىۋېلىش مەزگىلىگىچە، تۈپنىڭ ئازوت، فوسفور، كالىينى سۈمۈرۈشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئوغۇت بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىسا، ئۈزۈم مەھسۇلاتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر ئازوت كۆپ بېرىلىپ كەتسە مېۋە سۈپىتى ناچار، تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، پىشىشى كېچىكىپ كېتىدۇ ھەمدە يېڭى شاخلارنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز بولىدۇ. ئازوت، فوسفور، كالىيغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئازوتقا ئېھتىياجى دەسلەپكى، ئوتتۇرا مەزگىلىدە بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئەمما ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ چېچەكلەش، چاڭلىنىش، مېۋە تۈتۈش ۋە مېۋىسى چوڭىيىش مەزگىلىدە، فوسفور، كالىيغا بولغان ئېھتىياجى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. ئەگەر بور ئېلېمېنتى كەمچىل بولسا بىخلىنىش كېچىكىپ يېڭى يوپۇرماقلار قورۇلۇپ، مېۋىسى كىچىك بولۇپ قالىدۇ. ئۈزۈم تېلىنى قوشۇمچە ئوغۇتلاش مىقدارى ئومۇمىي ئوغۇتلاش مىقدارىنىڭ «40% ئەتراپىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ قوشۇمچە

گىلى غول تارتىشنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بۇغداي تۈپچىلىرى قايتا كۆكىرىش باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈپلەپ غول تارتىشقا باشلايدۇ ھەمدە سۇ سەرپىياتىمۇ مۇناسىپ ئاشىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ھەر مو يەرنى 75 ـ 85 كۇب مېتىر سۇ بىلەن سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، كېيىنكى سۇغىرىشنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە سۇ شارائىتىغا قاراپ سۇغىرىش كېرەك. (05)

چە ئوغۇتلىغاندا، چېچەكلەشتىن ئىلگىرى، مېۋە چوڭىيىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى ۋە پىشىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى ئوغۇتلاش لازىم. بەش قېتىمغا بۆلۈپ ئوغۇتلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئوغۇتلاش كېرەك:

1. بىخلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئوغۇتى ياكى بىخ ئوغۇتى: ئادەتتە بىخلىنىشتىن 1 ـ 2 ھەپتە ئىلگىرى بېرىلسە مۇۋاپىق بولۇپ، ھەر موغا 15 كىلوگىرام 45% لىك بىرىكمە ئوغۇت ياكى 5 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا بېرىلىدۇ.

2. نوتا ئوغۇتى ياكى شاخ ئوغۇتى: شاخلىرىنىڭ ئۆسۈشى يۇقىرى پەللىگە يېتىشتىن ئىلگىرى بېرىش كېرەك. بىخلانغاندىن كېيىن 20 كۈن ئەتراپىدا ھەر موغا 10 ـ 15 كىلوگىرام، بىرىكمە ئوغۇت بېرىپ، ئۈزۈم تېلىنىڭ تىمەن ئۆسۈشى ۋە چېچەكلەپ مېۋىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3. مېۋە يوغىنىتىش ئوغۇتى ياكى مېۋە ساغلاملاشتۇرۇش ئوغۇتى: مېۋە تېز چوڭىيىش، يېڭى شاخلار داۋاملىق ئۆسۈش ۋە گۈل بىخىنىڭ بۆلۈنۈشىدىگە باشلاشتىكى ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر موغا 15 ـ 20 كىلوگىرام 45% لىك بىرىكمە ئوغۇت ۋە 20 كىلوگىرام كالىي خلور بېرىش كېرەك.

4. رەڭ كىرگۈزۈش ئوغۇتى ياكى پىشىش ئوغۇتى: بۇ خىل ئوغۇتنى مېغىزى قېتىش مەزگىلىدە بەرسە مۇۋاپىق، ئادەتتە 20 ـ 30 كىلوگىرام كالىي سۇفات بېرىلىدۇ. بۇ قېتىم بېرىلگەن ئوغۇت شىرنىلىك مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەنت مىقدارىنى يۇقىرىلىتىپ مېۋىگە رەڭ كىرگۈزىدۇ.

5. ساغلاملاشتۇرۇش ئوغۇتى: بۇ ئوغۇت مېۋىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۈزۈم تېلىنىڭ ئۆسۈشى كۈرۈنەرلىك ئاجىزلايدىغان بولغاچقا، يوپۇرماقلار بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شاخلىرى ئۆسۈشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋە يىلتىز تارتىشىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدىغان بولغاچقا، ئوزۇقلۇقنى بىرقەدەر كۆپ تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ھەر موغا 15 ـ 20 كىلوگىرام 45% لىك بىرىكمە ئوغۇت ياكى 10 كىلوگىرام ئورىيا بېرىش كېرەك.

ئۈزۈمنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىسىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چېچەكلەشتىن ئىلگىرى ياكى مېۋە چوڭىيىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 0.2% لىك دانىكا (硼肥) بەرگەندە، مېۋە تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مېۋىنىڭ چوڭىيىش مەزگىلىدە 0.2% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات بەرسىمۇ، مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (05)

# ئوزۇقلۇق توپا ۋە ئۈستۈرۈش ماددىسى تەييارلاش ئۇسۇلى

ئەخمەتجان جېلىل
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزىدىن 845350)

ئوزۇقلۇق توپا تەييارلاش ئۇسۇلى: ئوزۇقلۇق توپىنى ياخشى تەييارلاش تىمەن مايسا، كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ماددىي ئاساسى، ئوزۇقلۇق توپا تەييارلاشتا نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشەش، دېزىنفېكسىيەلەش، تەييارلانغان توپىنى مايسا كاندۇكى ياكى مايسا قاچىسىغا تۆكۈپ قاندۇرۇپ سۇغىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تېخنىكىلىق ھالقىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

1. ئوزۇقلۇق توپىسىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشەش: مۇنبەت، شورسىز، كۆكتات تېرىلمىغان ئېتىزنىڭ تاسقالغان توپىسىدىن تۆت ھەسسە، ئېزىپ تاسقالغان چىرىگەن قوي ياكى ئات، ئېشەك قىغىدىن تۆت ھەسسە، شورسىز يۇمشاق ئۆستەڭ قۇمىدىن ئىككى ھەسسە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۇب مېتىر ئوزۇقلۇق توپىغا 0.5 ـ 1.0 كىلوگىرام 18% ـ 46% ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئوزۇقلۇق توپىنى تېخىمۇ مۇنبەت تېخىمۇ ياخشى تەييارلاش ئۈچۈن، ئادەتتىكى توپا ئىشلەتمەي ئورمان قارا توپىسىدىن تۆت ھەسسە، قۇرۇتۇپ يۇمشىتىپ تاسقالغان تورف (草炭) دىن ئۈچ ھەسسە، يۇمشاق شورسىز ئۆستەڭ قۇمىدىن بىر ھەسسە تولۇق چىرىتىپ ئېزىپ يۇمشىتىپ تاسقالغان ئېغىل قىغىدىن ئىككى ھەسسە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر كۇب مېتىر ئوزۇقلۇق توپىغا 10 ـ 15 كىلوگىرام توخۇ ياكى كەپتەر مايىقى، 0.5 كىلوگىرام 18% ـ 46% لىك ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات، 0.5 كىلوگىرام 46% لىك ئورىيا قاتارلىقنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىسا بولىدۇ

2. ئوزۇقلۇق توپىنى دېزىنفېكسىيەلەش: ئوزۇقلۇق توپا تەييارلىغاندىن كېيىن دېزىنفېكسىيەلەپ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش كېرەك. دېزىنفېكسىيەلەشتە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى تاللاپ قوللانسا بولىدۇ. (1) 40% لىك فورمالىن (福尔马林) نى 100 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ 100 ھەسسە سۇ قوشۇپ) دورا چېچىش ماشىنىسى ياكى كۆپ تۆشۈكلۈك چەينەك بىلەن توپا ئۈستىگە بىر تەرەپتىن پۈركۈپ بىر تەرەپتىن ئارىلاشتۇرۇپ تولۇق دېزىنفېكسىيەلەپ بولغاندىن كېيىن،

سولىياۋ يوپۇق بىلەن 5~7 كۈن مەھكەم چۆمكەپ ئاندىن يوپۇقنى ئېچىپ، توپىنى پات ـ پات ئارىلاشتۇرۇپ، 3 ـ 4 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن مايسا تىد. كىشكە ئىشلەتسە بولىدۇ ياكى زىنېپ (代森锌) بىلەن تىرىزىمان (代森锰锌) نىڭ بىرىنى تاللاپ 200 ـ 300 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر كۇب مېتىر ئوزۇقلۇق توپىغا 15 ـ 20 كىلوگىرام دورا سۇيۇقلۇقىنى بىر تەرەپتىن پۈركۈپ بىر تەرەپتىن ئارىلاشتۇرۇپ، 24 سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن مايسا تىكىش لازىم. (2) بىۋاسىتە دورا ئارىلاشتۇرۇش: ھەر كۇب مېتىر ئوزۇقلۇق توپىغا 100 گىرام باۋىستىن (多菌灵) ياكى 200 گىرام داكونىل (百菌清) تەييارلاپ، توپا، قۇم، ئوغۇتلارنى ئارىلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ تەكشى چېچىپ ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. تۇپراقسىز مايسا يېتىشتۈرىدىغان ئۆستۈرۈش ماددىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى: تۇپراقسىز مايسا يېتىشتۈرۈش. تە، ئوزۇقلۇق توپا ئورنىغا ئالاھىدە تەييارلانغان يىلتىز تارتقۇزىدىغان ئا. ساسىي ماددا تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆستۈرۈش ماددىسى ھەرقايسى جايلاردا ئۆزىدىن چىقىدىغان كېرەكسىز ماددىلارغا قاراپ مۇۋاپىق تەڭشەپ تەييارلى. نىدۇ. رايونىمىزدا كۆپىنچە پاكىز يۇيۇپ ئېزىپ تازىلاپ يۇمشىتىلغان كۆ. مۈر داشقىلى، موگو قالدۇقى، ئېچىتقۇدىن چىققان كېرەكسىز قالدۇق، چىگىت پوستى، ھەرە كېپىكى، يىرىك قۇم، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ، تورف، چىگىت پوستى، يىرىك قۇم، كۆمۈر داشقىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىر ھەسسە، تورفتىن ئىككى ھەس. سە، ھەرە كېپىكىدىن ئىككى ھەسسە، يىرىك قۇمدىن بىر ھەسسە ئېلىپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، باشقا تەركىبلەرنى قوشۇپ تەييارلىسا بولىدۇ. يەنە ھەر كۇب مېتىر ئاساسىي ماددىغا 0.5 ~1 كىلوگىرام ئورىيا، 0.5 ~1.5 كىلوگىرام 18% ـ 46% لىك ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات ئۆلچەم بويىچە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭدا تورفنى قۇرۇتۇپ ئېزىپ يۇمشىتىپ تاسقاش، كۆمۈر داشقىلىنى بىر قانچە قېتىم يۇيۇپ قۇرۇتۇپ يانجىپ تاسقاپ، قۇم شورسىز بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆستۈرۈش ماددىسى تەييارلىنىپ بولغاندىن كې. يىن، يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى تاللاپ دېزىنفېكسىيەلەپ مايسا تىكىشكە تەييارلىنىدۇ. (05)

# ئاساسى ئوغۇتنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك

ئىلجان مەمەت ئىسمائىل سۇلايمان
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدىن 844002)

زىرائەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا مەلۇم خىل ئوزۇقلۇققا تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر شۇ خىل ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى قاندۇرۇلمىسا، زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇ مەزگىل ئۆتكۈزۈۋېتىلسە، كېيىن كۆپلەپ ئوزۇقلۇق تولۇقلىغان تەقدىردىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، بۇ مەزگىل زىرائەتنىڭ ئوزۇقلۇققا سەزگۈر مەزگىلى دېيىلىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇققا سەزگۈر مەزگىلى ئادەتتە ئۆسۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.

كۆپىنچە زىرائەتلەرنىڭ فوسفورغا بولغان سەزگۈر مەزگىلى مايسا مەزگىلىدە، يەنى ئۇرۇقتىن ئوزۇقلىنىشتىن تۇپراقتىن ئوزۇقلىنىشقا ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقى ئىچىدە ساقلانغان فوسفور ماددىسى تۈگىگەن ياكى ئاز قالغان بولىدۇ، ئەمما يىلتىز تېخى ئاجىز بولغاچقا، قوبۇل قىلىدىغان ئوزۇقلۇق دائىرىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر بۇ مەزگىلدە تۇپراق تەركىبىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور كەمچىل بولسا يۇمران مايسىلارنىڭ ئۆسۈشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، كېۋەز مايسىسى ئۈنۈپ 10 ـ 20 كۈنگىچە، كۆممىقوناق ئۈنۈپ بىر ھەپتە ئەتراپىدا، شال بوغداي ئۈنۈپ ئۈچ تال يوپۇرماق چىقارغاندا، قىچا مايسىسى 3 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا فوسفورغا سەزگۈر بولىدۇ. ئادەتتىكى زىرائەتلەرنىڭ فوسفورغا سەزگۈر مەزگىلى يۇمران مايسا مەزگىلىدە بولىدىغانلىقى ھەمدە فوسفورنىڭ تۇپراقتىكى يۆتكىلىشچانلىقىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقى، ئاسان توراقلىشىۋالىدىغانلىقى ھەمدە فوسفورنىڭ ئۆسۈملۈكلەر تېنىدە قايتا پايدىلىنىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاساسى ئوغۇت قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك. فوسفورلۇق ئوغۇت يېتەرلىك بې-

# شاخ - شۇمبىنى تېز سۇرئەتتە ئېچىتىپ ئېتىزغا قايتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مەھمۇد غېنى مەمتىلى ئابابەكرى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن 845350)

شاخ - شۇمبىنى تېز سۇرئەتتە ئېچىتىپ ئېتىزغا قايتۇرۇش تېخنىكىسى دېگىنىمىز، شاخ - شۇمبىنى تېز سۇرئەتتە ئېچىتىش دورىسىدىن (速腐剂) پايدىلىنىپ، شاخ - شۇمبىنى ئەلا سۈپەتلىك بىيو ئورگانىك ئوغۇتقا ئايلاندۇرۇپ، ئېتىزغا قايتۇرىدىغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدىن ئىبارەت. شاخ - شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە يېشىل ئوغۇت تېرىش ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

شاخ - شۇمبىنى دۆۋىلەپ نەمدەپ تېز سۇرئەتتە ئېچىتىش ئۇسۇلى نۆۋەتتە رايونىمىزدا بىرقەدەر كەڭ قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل بولۇپ، ئاساسلىقى ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق رايونلاردا قوللىنىلىدۇ. شاخ - شۇمبىنى دۆۋىلەپ

رىلمىسە تۇپراقتىكى تېز ئۈنۈملۈك فوسفور كەمچىل بولغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئاز مىقداردا تېز ئۈنۈملۈك فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك. زىرائەتلەر يۇمران مايسا مەزگىلىدە ئازوتقا سەزگۈر بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ فوسفورغا بولغان سەزگۈر مەزگىلىدىن كېچىكرەك كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، كۆزگى بۇغدايىنىڭ ئازوتقا سەزگۈر مەزگىلى تۈپلىشىنىڭ دەسلىپىدە كۆرۈلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەگەر ئازوت يېتىشمىسە ئاز تۈپلىنىپ، ھەر مو يەردىكى باشاق سانى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، كېيىن ھەرقانچە ئوغۇت بەرگەن بىلەنمۇ باشاق سانى ئاز بولغاچقا، مو بېشى مەھسۇلاتىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارغا ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى تۇپراققا ياكى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (05)

نەمدەپ تېز سۈرئەتتە ئېچىتىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. چىرىتىش دورىسىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يېتەرلىك نەمدەپ، ھەم يېپىپ شاخ ـ شۇمبىنىڭ تولۇق چىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا يېتەرلىك نەمدەش بولسا، شاخ ـ شۇمبا ئېغىرلىقىنىڭ 1.8 ھەسسىسىچىلىك مىقداردا سۇ قوشۇپ، شاخ ـ شۇمبا تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنى 65% كە يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ھەم يېپىشتىكى مەقسەت بولسا، ئىسسىقلىقنى ساقلاپ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى ۋە ئوزۇقلۇقنىڭ خوراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. شاخ ـ شۇمبىنى دۆۋىلەپ نەمدەپ تېز سۈرئەتتە ئېچىتىش جەريانىدا، مىكرو ئورگانىزىملار ئوكسىگېنغا ئېھتىياج بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ جەرياندا ئۈستىگە يېپىلغان توپىنى بەكمۇ قېلىن يېپىۋەتمەسلىك ھەمدە دەسسەپ چىڭدىۋەتمەسلىك كېرەك.

2. تېز چىرىتىش دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ دۆۋىلەنگەن دۆلىمە ئوغۇتنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاشقا بولمايدۇ، چوقۇم ئىككى يىل ئىچىدە ئىشلىتىپ بولۇش كېرەك. تېز چىرىتىش دورىسىنىڭ ئۈنۈملۈك مۇددىتى ئادەتتە ئىككى يىل بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا ئىشلىتىش كېرەك. ساقلىغاندا خىمىيەۋى ئوغۇت ياكى دېھقانچىلىق دورىلىرى قويۇلغان ئامبار ئىچىدە ساقلاشقا بولمايدۇ.

3. شاخ ـ شۇمبا دۆۋىسىنى ۋاقتىدا ئاغدۇرۇش كېرەك. شاخ ـ شۇمبا دۆۋىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ 60℃ ـ 70℃ قا يەتكەندە، شاخ ـ شۇمبا دۆۋىدىكى تېز چىرىتىش دورىسىنىڭ نەپەسلىنىشى تېز بولغانلىقتىن، قىسمەن ئوكسىگېن كەملىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا شاخ ـ شۇمبا دۆۋىسىنى ۋاقتىدا ئاغدۇرۇپ، تەكشى چىرىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر قىسمەن سۇ كەملىك ئەھۋالى كۆرۈلسە، دەرھال تۆشۈك ئېچىپ سۇ تولۇقلاپ، 2 ـ 3 قېتىم ئۆرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا 40 ـ 50 كۈندىن كېيىن شاخ ـ شۇمبىلار ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتقا ئايلىنىدۇ. (05)

# چىلانغا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى

ئىسرائىل ياسىن
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئورمانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843000)
ھۆرنىساقىز ئەمەت
(ئاقسۇ شەھەرلىك ئايكۆل بازارلىق يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىدىن)

1. كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق: (1) يەر تەييارلاش: قومساق ئەت تۇپراقنى تاللاپ، كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇن مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىپ تۇپراق نەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەر تاۋلاشقاندا، بىر قېتىم چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تەكشىلەپ، كۆچەت تىكىدىغان يەرنى تەييارلاش كېرەك؛ (2) سورت تاللاش: ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلاردىن سۇر چىلان، ئارغىماق چىلان (جۇنزاۋ) قىشلىق چىلان (دۇڭ زاۋ) قاتارلىقلار بار؛ (3) كۆچەت تىكىش: ① كۆچەت ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىردىن يۇقىرى، يىلتىز بوغۇزى دىيامېتىرى بىر سانتىمېتىرغا يەتكەن، ئۇلانغان ئورنى تولۇق تۇتاشقان، ئۇلاقتىن چىققان نوتىسى پىشىپ ياغاچلاشقان، زەخىملەنمىگەن، قۇرۇپ كەتمىگەن، يىلتىزى تولۇق تەرەققىي قىلغان، سورتى ساپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان كۆچەتلەر تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ. ② ئاۋۋال چۆنەك تارتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئورەك كولىنىدۇ. چۆنەك ئىچىنىڭ ئۈستى كەڭلىكى 1.2 مېتىر، ئاستى كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىككى ياندىكى قىرنىڭ ئۈستى كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. ئورەكنىڭ كەڭلىكى، ئۇزۇنلۇقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى 80 سانتىمېتىر قىلىپ، ئورەك ئاستىغا 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئورگانىك ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇلغان پىششىق توپا يېيىپ، ئۈستىگە 20 سانتىمېتىر توپا تۆكۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى 30 سانتىمېتىر قىسمىغا كۈن كۆرگەن ئەت توپا بىلەن كۆچەت تىكىلىدۇ. كۆچەتنى تىكىپ كۆمگەندە ئەسلىدىكى كۆمۈلۈش ئورنى بىلەن ئوخشاش چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈش، تىكىپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىش ھەممە 3 ـ 5 كۈندىن كېيىن، سولياۋ يوپۇق يېپىش كېرەك؛ ③ چىلان بىلەن زىرائەت كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرگەندە تۈپ، قۇر ئارىلىقى 5×4 مېتىر (ھەر موغا 110 تۈپ) 2×6 (ھەر موغا 56 تۈپ) بولسا بولىدۇ ياكى زىچ تىكىپ پاكارلاشتۇرۇپ ئۆستۈرۈشتە تۈپ، قۇر ئارىلىقى 5×2 مېتىر (ھەر موغا 222 تۈپ) تىكىلىدۇ. قۇر ئارىلىقى تۆت مېتىر، ئالتە مېتىر بولغانلىرىغا، كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىسا بولىدۇ. قۇر ئارىلىقى ئىككى مېتىر بولغانلىرىغا زىرە، پۇرچاق، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىسا بولىدۇ؛ ④ كۆچەت تىكىش مەزگىلى ئادەتتە چىلان

كېيىنرەك بىخ سۈرىدىغان بولغاچقا كېچىكتۈرۈپ تىكسە (4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە) ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

2. چىلانغا كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنى تاللاش: (1) كېۋەز: ① كېۋەز سورتىنى تاللاش: كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتكە چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، چىلگە سورتلارنى تاللاش لازىم. شىمالىي شىنجاڭدا «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋىزى ـ 9، ـ 10، ـ 11، ـ 12»، «جۇڭگو كېۋىزى ـ24» (中棉 24 号) قاتارلىق سورتلارنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا «جۇڭگو كېۋىزى ـ 35، ـ 41، ـ 43»، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق كېۋىزى ـ 26» قاتارلىق سورتلارنى تېرىسا بولىدۇ. ئۇرۇق تاللىغاندا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش، مېغىزى توق، تولۇق پىشقان، پارقىراق، ئۈنۈپ چىقىشى 85% تىن يۇقىرى، ساپلىقى 95% تىن يۇقىرى، سۇ تەركىبى تولۇق بولغان ئۇرۇقلارنى تاللاش لازىم. ② كېۋەز تېرىش مەزگىلى ۋە ۋاقتى شۇ يەرنىڭ بەش مىللىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى مۇقىم 14℃ ـ 15℃ بولغاندا كېۋەز تېرىش ماشىنىسى بىلەن تېرىسا بولىدۇ. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تېرىلىدۇ. ③ كېۋەز ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى پەرۋىشى: مايسا تەخمىنەن 7 ـ 10 كۈنگىچە ئۈنۈپ چىقىدۇ. مايسا تۆت يوپۇرماقلىق بولغاندا دەرھال مايسا بەلگىلەپ، چوڭ، تىمەن مايسىلارنى قالدۇرۇپ ئاجىز، كېسەللەنگەن مايسىلارنى يۇلۇۋېتىش، ئامال بار بىر ئۇۋىغا بىر تۈپ مايسا قالدۇرۇش كېرەك. مايسا كام ئۇۋىدا ئىككى تۈپ مايسا قالدۇرسىمۇ بولىدۇ. مايسا بەلگىلەش ئاخىرلاشقاندا تۇپراقنى 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاغلاپ يۇمشىتىش كېرەك؛ (2) زىرە سورتىنى تاللاش: ئادەتتە شاخلىنىشى كۈچلۈك، مول ھوسۇللۇق، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق چىلگە سورتلارنى تاللاش كېرەك. ئۇرۇقلارنى تاللىغاندا مېغىزى توق، رەڭگى قېنىق، پارىراق، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ئۇرۇقلارنى ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ تاللاپ، ئارىلاشما ماددىلارنى ئىلغىۋېتىپ تېرىشتىن بۇرۇن سىنك سۇلفات (硫酸锌) ئېرىتمىسىگە چىلاپ، ئاندىن تېرىش كېرەك. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە تېرىسا بولىدۇ؛ (4) قوغۇن ـ تاۋۇز: مول ھوسۇل بېرىدىغان، سۈپىتى ياخشى، ناقولاي شارائىتقا چىدامچانلىقى كۈچلۈك كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق، ئىستېمالچىلار ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان سورتلارنى تاللاش كېرەك. نۆۋەتتە رايونىمىزدا قوغۇن سورتلىرىدىن «جىن مى ـ 10» (金密 10 号)، «ئالتۇن سۇمرۇق» (金风凰) «سېرىق شاپاق 9818» (黄皮 9818)، ئاساسلىق تاۋۇز سورتلىرىدىن «شىيەن ـ 9» (西研 9 号)، «يىلىشابەي» (伊丽莎白)، «شىنجاڭ تاۋۇزى» (新疆西瓜)

كۆپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇرۇق تاللىغاندا، مېغىزى توق، رەڭگى قېنىق، تولۇق پىشقان، پارقىراق، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ساپ ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش لازىم. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە تېرىلىدۇ؛ ④ بوغداي: توپىلىنىشى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا چىداملىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاش كېرەك. ئۇرۇق تاللىغاندا دېنى توق، رەڭگى قېنىق، تولۇق پىشقان، پارقىراق، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان ئۇرۇقلارنى تاللاش كېرەك. تېرىشتىن بۇرۇن سىنىك سۇلفات ئېرىتمىسىگە چىلاپ سالقىن جايدا قۇرۇتۇپ، ئاندىن تېرىش كېرەك.

3. چىلان بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ پەرۋىشى: (1) سۇغىرىش: چىلان بىلەن كىرىشتۇرۇپ تېرىلغان زىرائەتلەرگە بىر يىلدا 3 ـ 5 قېتىم سۇغىرىلىدۇ. ئەگەر توپراق قۇملۇق ياكى قۇمساڭ توپراق بولسا ئەھۋالغا قاراپ سۇغىرىش قېتىم سانىنى كۆپەيتسە بولىدۇ. چىلان چېچەكلەشتىن ئىلگىرى زىرائەتلەر ۋە كۆچەتنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، چېچەكلەش مەزگىلىدە چىلان چېچىكى تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپ سۇغارماسلىق كېرەك، ھەر قېتىم سۇغىرىشتىن كېيىن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، بىر قېتىم چاغلاپ يۇمشىتىلىدۇ ھەم ئوت ـ چۆپ يوقىتىلىدۇ؛ (2) ئوغۇتلاش: مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش ئاساس قىلىنىدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا كۆچەت تىكىپ، زىرائەت تېرىشتىن بۇرۇن ھەرمو يەرگە 3000 ـ 4000 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىلىدۇ. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ كۆچەت كىرىشتۇرۇپ تېرىلغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ قەرەللىك ھالدا مۇۋاپىق مىقداردا خىمىيەۋى ئوغۇت (ئورىيا 30 ـ 40 كىلوگىرام ۋە بىرىكمە ئوغۇت 20 ـ 30 كىلوگىرام) ۋە يوپۇرماق ئوغۇتى (كالىي دى ھىدرو فوسفات ) قوشۇمچە بېرىلىدۇ. چىلان كۆچىتىگە خىمىيەۋى ئوغۇت بېرىشتە دەرەخ تاجىسىنىڭ سىرتقى قىسمىنى ئاساس قىلىپ، ئورەك كولاپ ئوغۇت بېرىلىدۇ.، ئوغۇتنى كۆچەت تۈۋىگە يېقىن بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم؛ (3) چىلان دەرىخىنى ئاسراش: ئېتىز- ئېرىق ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى جەريانىدا (يەر ھەيدەش، سۆرەم سېلىش، ئوغۇتلاش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش) كۆچەتنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىپ كۆچەتنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (4) چىلان دەرىخىنى چاتاش: دەرەخ تاجىسىنىڭ تەكشى چوڭىيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەكشى مېۋىلىتىپ، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ھەم ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. چىلان كۆچىتىنى ئادەتتە قىش ۋە يازدا ئىككى قېتىم چاتىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا قىشلىق چاتاش 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، شىما ـ

لىي شىنجاڭدا قىشلىق چاتاش 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، يازلىق چاتاش 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆچەت تىكىپ بولغاندىن كېيىن، غول ئېگىزلىكىنى 40 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىپ غول بەلگىلەش كېرەك. 1 ـ 5 يىلغىچە ئاساسلىقى شاخ يېتىشتۈرۈلىدۇ، ئاجىز شاخلارنى كېسىۋېتىش، كۆچلۈك ئاساسىي شاخلارنى تەربىيەلەش، مېۋە شاخلىرىنى يېتىلدۈرۈش، بىرىنچى قەۋەت شاخ گورۇپپىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئارتۇقچە شاخلارنى شاللىۋېتىش كېرەك. 3 ـ يىلى ئاساسىي غولدىن 1.2 مېتىر ئەتراپىدا كېسىپ ئىككىنچى قەۋەت شاخ گورۇپپىسى يېتىلدۈرۈلىدۇ. ئاساسىي شاخلارنى 30 ـ 50 سانتىمېتىر ئورنىدىن كېسىپ يان شاخ ۋە ئانا مېۋە شاخلىرى يېتىلدۈرۈلىدۇ. ئانا مېۋە شېخىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان نوتىلارنى تىزگىنلەپ، پىلانلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان شاخلاردىن باشقىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

4. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: چىلان بىلەن كىرىشتۈرۈپ تېرىلغان زىرائەتلەرگە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش يوقىتىش ئۈچۈن، ئىمىداكلورد (吡虫啉)، كانا ئۆلتۈرۈش دورىسىنى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇ يۇلدۇرۇلۇپ چېچىش، بىر خىل دورىنى ئۇدا چېچىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

5. چىلان دەرىخىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش: (1) دەرەخ غولىغا ئاقارتقۇچ سۇرتۇش: دەرەخ غولىغا ھەر يىلى 11 ـ ئايدا ئاقارتقۇچ سۇيۇقلۇق سۇرۇلىدۇ. ئاقارتقۇچ سۇيۇقلۇق بىر كىلوگىرام ئاش تۇزى، بىر كىلوگىرام ھايۋانات يېغى، 12 كىلوگىرام ھاك، 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ (ھايۋانات مېيى قايناق سۇدا ئېرىتىپ قوشۇلىدۇ). دەرەخ غولىنى ئاقارتىش ئارقىلىق بىر قېتىم كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئەتىياز پەسلى قوۋزاق يېرىلىشنىڭ ھەم توشقان، چارۋىلارنىڭ غاجىلاپ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (2) دەرەخ غولىنىڭ يەر يۈزىدىن 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورنىغا پالاق يۆگەش ئارقىلىق قىشتا توڭلاپ قېلىشىنىڭ ۋە توشقان غاجىلاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. (3) ئەتىياز پەسلىدە كۆچەتنىڭ سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۈزدە ۋاقتىدا توڭ ياتقۇزۇش كېرەك. (03)

# ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئايگۈل نىياز
(يەكەن ناھىيە تومئۆستەڭ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 844100)

**1. كۆچەتخانا يېرىنى تاللاش:** كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، تۇپراق سۈپىتى ياخشى، مۇنبەت تۇپراقنى تاللاش كېرەك. ياڭاق كۆچىتى يېتىشتۈرىدىغان كۆچەتخانا يېرى سۇغىرىشقا ۋە پەرۋىش قىلىشقا قولايلىق بولۇشى، تۇپراق سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى، يەر ئاستى سۇ ئورنى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشى كېرەك.

**2. تېرىش ۋاقتى:** تۇپراقنىڭ توڭى ئېرىگەندىن كېيىن، يەنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تېرىسا بولىدۇ. تېرىشتىن بۇرۇن ياڭاق ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇش كېرەك. كونكرېتنى ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: ئۇرۇقلۇق ياڭاقنى 7 ـ 8 كۈن سۇغا چىلاش ھەم ھەر كۈنى بىر قېتىم سۈيىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئۆي سىرتىغا كىۋادرات شەكىلدە چوڭقۇرلۇقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقىنى ۋە كەڭلىكىنى ياڭاق ئۇرۇقىنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن بەلگىلەپ ئورەك كولاپ، ئورەك تېگىگە 15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا ئۆستەڭ قۇمى يېيىتقاندىن كېيىن، قۇمنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت 6 ـ 7 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۇغا چىلانغان ياڭاق ئۇرۇقىنى يېيىتىپ، ئۈستىگە 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، ئۆستەڭ قۇمى يېيىتىش ھەمدە كەچتە پاخال بىلەن ئوراپ قويۇش كېرەك. كۆپ قىسىم ئۇرۇقلۇق ياڭاقنىڭ ئېغىزى يېرىلغاندا تېرىسا بولىدۇ.

**3. تېرىش ئۇسۇلى:** ئوتتۇرىچە توپ، قۇر ئارىلىقى 20×60 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر موغا 90 ـ 100 كىلوگىرام ئۇرۇقلۇق ياڭاق تېرىپ، ئۇرۇق ئۈستىگە ئۇرۇق قېلىنلىقىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك قېلىنلىقتا، يەنى 4 ـ 5 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا يېيىتىش كېرەك. (03)

# بادام كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

پاشاگۈل ئەمەت
(يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 841000)

**1. ئۆلاق ئاستى يېتىشتۈرۈش:** تىمەن ئۆسكەن، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئانا دەرىخىدىن، مېغىزى توق، ياخشى پىشقان ئۇرۇقلارنى تاللاپ يىغىۋېلىپ، مېۋە پوستىنى ئاقلاپ سالقىن جايدا قۇرۇتۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئورۇندا ساقلاش لازىم. ئۆلاق ئاستى يېتىشتۈرۈشتە شاپتۇل بادام، تاش بادام، يەرلىك شاپتۇل ئۇرۇقىمۇ تېرىلىدۇ. ئۇرۇقنىڭ ساپلىقى چوقۇم 95% تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا بىخلىنىش نىسبىتى 90% يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

**2. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** (1) ئۇرۇقنى كۈزدە تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش: ئۇرۇقنى كۈزدە تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە تەييارلانغان ئۇرۇقنى سوغۇق سۇغا چىلاپ (چىلاش ۋاقتى يۇمشاق پوستلۇق سورۇنلارنى بىر كۈن، نېپىز پوستلۇق، ئوتتۇرا پوستلۇق سورتلارنى ئىككى كۈن، قېلىن پوستلۇق سورتلارنى 3 ـ 5 كۈنگىچە) ھەر 24 سائەتتە بىر قېتىم سۈيىنى ئالماشتۇرۇپ، لەيلەپ چىققان پۇچەك ئۇرۇقلارنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىش كېرەك. (2) ئۇرۇقنى ئەتىيازدا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش: ئەتىيازدا ئۇرۇقنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ئۇرۇق بىلەن نەم ئۆستەڭ قۇمىنى 1:3 نىسبەت بويىچە (بىر ئۈلۈش ئۇرۇققا ئۈچ ئۈلۈش قۇم) ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، نەملىكى قول بىلەن قۇمنى سىقىپ قويۇپ بەرسە چېچىلىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە بولسا مۇۋاپىق، ئۇرۇقنى قەۋەتلەپ بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتى 70 ـ 80 كۈن، قۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قەۋەتلەپ ئۇرۇقنىڭ نەملىك تېمپېراتۇرىسى 0℃ ـ 7℃ بولسا ئەڭ مۇۋاپىق، ھاۋا كىلىماتى ۋە ئورەك ئىچىنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا قاراپ ئۇرۇقلارنىڭ ئاستى ـ ئۈستىنى داۋاملىق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىش ئەھۋالىغا قاراپ، 1/3 قىسىم ئۇرۇق ئاجرىغاندىن كېيىن دەرھال تېرىش كېرەك.

**3. كۆچەتخانا يېرىنى تاللاش:** كۆچەتخانا يېرىنى تاللىغاندا سۇغىرىش شارائىتى ياخشى، تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، شورسىز، مۇنبەت تۇپراقلىق يەرلەر تاللىنىدۇ. ھەر مو يەرگە چىرىگەن ئېغىل ئوغۇتىدىن 4 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام، فوسفورلۇق ئوغۇتنى 50 كىلوگىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاپ سۇغىرىلىدۇ. يەرنى 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تەكشى تۈزلەپ سولياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ.

**4. تېرىش:** (1) تېرىش مىقدارى ھەر موغا بادام ئۇرۇقى 40 ـ 50 كىلوگىرام، شاپتۇل ئۇرۇقى ھەر موغا 120 ـ 150 كىلوگىرام تېرىلىدۇ، تېرىش چوڭقۇرلۇقى 5 ـ 8 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 7.5 سانتىمېتىر قۇر ئارىلىقى 30 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ. ئۇرۇق تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال توك ياتقۇزۇلىدۇ؛ (2) تېرىش ۋاقتى: ئۇرۇقنى كۈزدە تېرىغاندا يەر توڭلاشتىن بۇرۇن يەنى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە تېرىسا مۇۋاپىق. ئەتىيازدا تېرىغاندا توك ئېرىپ تېمپېراتۇرا 15℃ قا يەتكەندە (4 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرلىرى) قۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قەۋەتلەپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇرۇق تېرىلىدۇ. تېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە توپا تۆكۈپ چىڭداپ قايتا سۇ قويۇلىدۇ.

**5. پەرۋىشى:** مايسا ئۈنۈپ 4 ـ 5 سانتىمېتىرغا يەتكەندە تۈپ ئارىلىقىنى 10 ـ 12 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا بەلگىلەش كېرەك، ھەر مودا قالدۇرۇلغان كۆچەت 8000 ـ 10000 تۈپ ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. قۇر بويىچە تاقلاپ تۈپ بەلگىلەنگەندە تىمەن مايسىلارنى قالدۇرۇپ، ئاجىز مايسىلارنى تاقلاش كېرەك. كۆچەتنىڭ مەزگىلىدىكى سۇ، ئوغۇت پەرۋىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادەتتە ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ تۇپراقنى بوشىتىش، ئوتىنى ئوتاش كېرەك. كۆچەت 2 ـ 3 قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ، 1 ـ قېتىم كۆچەت ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىرغا يەتكەندە، ھەرموغا 5 ـ 10 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئورىيا بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. 2 ـ قېتىم كۆچەت ئېگىزلىكى 20 ـ 25 سانتىمېتىرغا يەتكەندە، ھەر موغا 25 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن بەش كىلوگىرام ئورىيانى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش كېرەك. كۆچەت ئېگىزلىكى 40 ـ 50 سانتىمېتىرغا يەتكەندە، ئۇچىنى ئۈزۈش بىلەن بىرگە يىلتىز بوغۇزدىن 20 سانتىمېتىر ئارىلىقتىكى بىخلارنى يىمىرىۋېتىش، كۆچەتنىڭ دىيامېتىرى 0.6 ـ 0.8 مىللىمېتىرغا يەتكەندە ئۇلاش لازىم.

**6. كۆچەتنى ئۇلاش:** تىمەن ئۆسكەن كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سورتلۇق ئانا دەرەخنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر يىللىق شاخلارنى كېسىۋېلىپ ئۇلاق ئۈستى قىلىپ، ۋاقتىدا ئۇلاش كېرەك. قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدىغان نوتىلارنى كېسىۋېلىپ 50 تالنى بىر باغلام قىلىپ سورتنىڭ نامى يېزىلغان كارتا ئېسىپ، 0℃ لۇق مۇز سېلىنغان گەمىدە ساقلاپ 2 ـ يىلى ئۇلاشقا ئىشلىتىش لازىم.

**7. ئۇلاش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى:** (1) ئۇلاش ۋاقتىنىڭ ۋە ئىشلەتكەن ئۇلاق ئۈستىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بىخ ئۇلاق ۋە شاخ ئۇلاش كېرەك. ① بىخ ئۇلاق: ياز پەسلىدىكى بىخ ئۇلاق: 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئاخىرىغىچە شۇ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلاپ 8 ـ 10 كۈنگىچە تۇتۇش نىسبىتى تەكشۈرۈپ تۇتمىغانلىرى تولۇقلاپ ئۇلاش كېرەك؛ ② كۈزلۈك بىخ ئۇلاق 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە شۇ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدۇ كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئۇلاق ئۈستى كېسىلىپ، بىخلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىخ ئۇلاق T شەكىللىك بىخ ئۇلاق ۋە ياغاچ قىسمىنى قوشۇپ ئېلىنىدىغان بىخ ئۇلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ؛ ③ شاخ ئۇلاق: شاخ ئۇلاق ئۇلاش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن تىل ئۇلاق ۋە يارما ئۇلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسلىقى 3 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**8. پەرۋىشى:** كۆچەتلەر ئۇلىنىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇلاقنىڭ تۇتۇش نىسبىتى تەكشۈرۈلۈپ كۆزدە تۇتمىغان كۆچەتلەر قايتىدىن تولۇقلاپ ئۇلىنىدۇ. كۆچەتلەر ئۇلىنىپ 15 ـ 20 كۈن ئىچىدە ئەي بولۇشى ئاساسەن بېكىتىلىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تېڭىقنى بوشىتىپ، ئۇلانغان ئورۇننىڭ ئۈستى قىسمىدىن ئىككى سانتىمېتىر قالدۇرۇپ قالغان قىسمى كېسىۋېتىلىدۇ. تولۇقلاپ ئۇلاپ 5 ـ 7 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلانغان ئورۇننىڭ ئۈستى قىسمىدىن 0.5 ـ 1 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ قالغان قىسمى كېسىۋېتىلىدۇ، 2 ـ 3 قېتىم بىخ يىمىرىلىدۇ. ئۇلاق تېڭىقنى بوشاتقاندىن كېيىن ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، تۇپرىقنى چاغلاپ يوقىتىش ۋە ئوت ئوتاشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوغۇتلاش لازىم. ئادەتتە ھەر مو يەر 5 ـ 10 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت ۋە ئورىيا 3 ـ 4 قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ. شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ 3 ـ ئايدىن بۇرۇن ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم 0.3% لىك ئورىيا بىلەن 0.3% لىك كالىي دى ھىدروفوسفاتنى ئۇدا ئىككى قېتىم چېچىش، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا سۇ، ئوغۇتنى كونترول قىلىش كېرەك. كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈپ كۆك پىت ۋە ئاق توزان كېسىلىنى ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك. (03)

# ھەر خىل ياشتىكى ئانار دەرەخلىرىنى چاتاش ئۇسۇللىرى

گۈلشات توختىمۇش
(ئاقچى ناھىيەلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 843500)

**1. كۆچەتنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش:** 1 ـ 3 يىللىق دەرەخنى شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش ئارقىلىق دەرەخنىڭ ئىچكى قىسمى ئېچىلىدۇ ھەم شاخلار پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈلىدۇ. (1) كۆچەتنىڭ 1 ـ يىلدىكى پەرۋىشى: كۆچەت تىكىلىپ شۇ يىلى 1 ـ 3 ئاساسىي شاخ تەربىيەلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچىنى ئۈزۈپ شاخلارنىڭ بەك ئۇزىراپ ئىنچىكە ئۆسۈشىدىن ساقلانسا يان شاخ چىقىرىپ بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزگىلى بولى؛ (2) كۆچەتلەرنىڭ 2 ـ يىلدىكى پەرۋىشى: كۆچەت تىكىلىپ 2 ـ يىلى ئەتىيازدا چاتىغان ياكى كۈزدە كۆمۈشتىن بۇرۇن چاتىغان جايىنىڭ ئاستىدىن چىققان قوش بىخلار، يېقىن بىخلارنىڭ كېرەكسىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئورنى ۋە يۆنىلىشى ياخشى بىخلارنى قالدۇرۇپ، ئوزۇقلۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى بولغان دەرەخ شەكلىنىڭ شەكىللىنىشى تېزلىتىلىدۇ. ئادەتتە ھەربىر ئاساسىي شاختىن ئۈچ ئەتراپىدا شاخ تەربىيەلىسە بولىدۇ. 2 ـ يىلى بۇ شاخلارنى 80 ـ 100 سانتىمېتىر ئۆستۈرۈش ھەمدە ئاساسىي شاخلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ئۆلچەملىك تەربىيەلەش ئاساس قىلىنىدۇ؛ (3) كۆچەتنىڭ 3 ـ يىلدىكى پەرۋىشى: 3 ـ يىلى ئاساسىي شاخلارنى كەسمەي قويۇپ بېرىپ، چېچەك بىخلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، كېيىنكى يىلى مېۋىلەشكە ئاساس سېلىنىدۇ. ئەگەر باشقۇرۇش ياخشى بولمىسا شاخلارنىڭ يېتىلىشى ياخشى بولماي 4 ـ 5 يىلدىن كېيىن، ئاندىن مېۋە بېرىدۇ، شۇڭا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئانارنى بالدۇر مېۋىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاساسىي شاخلار ئارا بوشلۇقنى ئېچىش، بەك كىچىك، بەك زىچ شاخلارنى شالاڭلىتىش، بارلىق ئوتتۇرا، كىچىك شاخلارنى قويۇپ بېرىپ ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوپۇرماقلارنىڭ بالدۇر تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**2. دەسلەپكى مېۋە بېرىش مەزگىلىدىكى چاتاش:** 4 ـ 10 يىللىق دەرەخ تاجىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە شاخ گۇرۇپپىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىرقەدەر تېز بولىدۇ. ئەگەر باشقۇرۇش ئىنچىكە بولسا، بىر تۈپ ئاناردا 100 دانە، ئوتتۇراھال، كىچىك شاخ گۇرۇپپىسىدا 100 دانە مېۋە چۈشۈپ، تۈپ بېشى مەھسۇلاتى 30 ـ 50 كىلوگىرام، مو بېشى مەھسۇلاتى 3000 ـ 5000 كىلوگىرامغا يېتىدۇ. مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ئاساسىي شاخلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، دەرەخ تاجىسىنى شالاڭلىتىپ، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاپ، شاخلارنى قويۇپ بېرىپ، چېچەك بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىش كېرەك. بۇ مەزگىلدە چېچەك، مېۋىنى ساقلاپ قېلىش ۋە شالاڭلىتىش، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى كۆز پەسلىدىكى بىر قېتىم چاتاشقىلا تايىنىپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

**3. كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە چاتاش:** ئانار دەرىخى ئادەتتە 10 ـ 20 يىللىق دەرەخنىڭ تاجىسى ئەڭ چوڭ، شاخ گۇرۇپپىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، مەھسۇلاتى 3000 ـ 4000 كىلوگىرامغا يېتىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يەنىلا چاتاش جەريانىدا ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. (1) مېۋە شاخ نىسبىتىنى كونترول قىلىش: چاتاش ئارقىلىق مېۋە شاخ بىلەن ئوزۇقلۇق شاخ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنى 15 ـ 1:5 كە يەتكۈزگەندە دەرەختە يېتەرلىك يوپۇرماق كۆلىمى ھاسىل قىلىنىپ، مېۋىنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. يەنى چېچەك بىخلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) مەھسۇلاتى بىلەن تەمىنلەپ، 2 ـ يىلى داۋاملىق مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. قالغان ئوزۇقلۇقلارنى بىخ، شاخ، يىلتىز، غول قاتارلىق ئەزالىرىدا ساقلاپ، ئەتىيازدا بىخلىنىش ۋە يىلتىزنىڭ كېڭىيىشىگە ئىشلىتىلىدۇ. (2) ئۆسۈشنى

كونترول قىلىش: چاتاش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش ئارقىلىق نوتىلارنىڭ ئۆ-سۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە نوتىلار 30 ـ 50 سانتىمېتىر ئۆسسە نورمال، 50 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتسە باراقسان ئۆسكەن بولىدۇ. 30 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولسا ئۆسۈشى ئاجىز بولغان بولىدۇ. باراقسان ياكى ھەددىدىن ئارتۇق باراقسان ئۆسكەندە (80 ـ 100 سانتىمېتىر) قىسقا شاخلار، غۇچمەك يوپۇرماقلىق شاخلار ۋە مېۋە شاخلار ئاز بولىدۇ. ئۆسۈشى ئاجىز بولسا غۇچمەك يوپۇرماقلىق شاخلار، قىسقا شاخلار چېچەك بىخى كۆپ بولۇپ، چېچەكلەپ ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ مېۋىلەپ، ھەربىر مېۋىگە توغرا كېلىدىغان يوپۇرماق كۆلىمى كىچىكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن چوڭىيالمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر يىل كۆپ مېۋە بېرىش، بىر يىل ئاز مېۋە بېرىش ھادىسى كېلىپ چىقىدۇ. مېۋە بەرگەن يىلى مېۋىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا ئانارنى كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە چاتاش كېرەك؛ (3) چېچەك، مېۋىسىنى شاللاش: چېچەك، مېۋىنى شاللىتىشنى چىڭ تۇتۇش، ھەربىر مېۋىگە توغرا كېلىدىغان يوپۇرماق كۆلىمى (5 ـ 15 تال نوتىنىڭ يوپۇرماق سانى)نى كاپالەتلەندۈرۈپ، شۇ يىللىق ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئېرىشكىلى ھەم 2 ـ يىلىدىكى مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. چېچەك مىقدارى ئاز يىللىرى، بولۇپمۇ نورمال چېچەك ئاز، مېۋىلەش نىسبىتى تۆۋەن بولغاندا، چېچەك، مېۋىنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن، چېچەك مەزگىلىدە بور ئېلېمېنتى پۈركۈش، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، چېچەكتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، چېكىنگەن چېچەكلەرنى ئېلىۋېتىش كېرەك.

**4. قېرىغان ئانار دەرەخنى چاتاش:** 20 يىلدىن ئاشقان دەرەخلەر يىلمۇيىل يۇقىرى مەھسۇلات بەرگەن سەۋەبلىك دەرەخ تېنىدە ساقلانغان ئوزۇقلۇقلارنى كۆپ مىقداردا سەرپ قىلغاچقا، يىلتىز ئۇزۇن مۇددەت ئو-

زۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە زور مىقداردا ئۆلۈش ھالىتىدە تۇرىدۇ. يەر ئۈس-تى قىسمىدىكى شاخ، يوپۇرماقلارمۇ يىلتىزنىڭ ئوزۇقلۇق ۋە سۇ سۈمۈرۈ-شى ئازىيىش سەۋەبىدىن بارغانچە ئاجىزلايدۇ، شاخلارنىڭ ئۆسۈشى 20 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولىدۇ. بەزى شاخلار قۇرۇيدۇ. يېتىلمىگەن چېچەك-لەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. مانا بۇ مەزگىل دەرەخلەرنىڭ قېرىغان مەزگىلى بولىدۇ. قېرىغان دەرەخلەرنى باشقۇرۇش نىشانى دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ (نوتىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى 30 ـ 50 سانتىمېتىرغا يېتىش)، يېڭى مېۋە شاخ گۇرۇپپىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەدبىرنى قوللىنىش كېرەك. (1) شاخلارنى ياندۇرۇپ چاتاش ئارقىلىق يېڭىلاش: يىلتىز بىلەن يوپۇرماقنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، يىلتىز بىلەن يوپۇرماقنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نو-تا چېقىرىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاساسىي شاخ، يان شاخلارنى كېسىپ ياند-دۇرۇپ چاتاش كېرەك. يەنى ئاساسىي ۋە يان شاخلار ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 1/3 ى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 1/2 قىسمى كېسىۋېتىلىدۇ. كېسىلىدىغان جاي-نىڭ ئاستىدىن بىر نەچچە شاخ قالدۇرۇلىدۇ. قالدۇرۇلغان شاخلار چاتالماي-دۇ. بۇ جايدىن ئۆسۈشى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان يېڭى نوتىلار ئۆسۈپ چىقىپ دەرەخ تاجىسى يېڭىلىنىدۇ؛ (2) يىلتىزنى چاتاش: كۆزلۈك چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ۋە ئاساسىي ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ، دەرەخ تاجىسى دائىرىسىد-دىن ھالقىسمان ئورەك كولاپ (چوڭقۇرلۇقى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا)، مەي-لى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن يىلتىزلارنى كېسىپ، يېڭى يىلتىزلارنىڭ ئۆ-سۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. يىلتىز سىستېمىسىنى چاتاش ئەمەلىيەتتە يەر ئۈستى قىسمىدىكى ئاساسىي يان شاخلارنى ياندۇرۇپ چاتاش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلىسى يىلتىز بىلەن يوپۇرماق ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇش، يې-ڭىلاش رولىنى ئوينايدۇ. (03)

# شىنجاڭ تېرىكىنىڭ كۆچىتىنى يالتىراق يېپىپ يېتىشتۈرۈش

گۈلبوستان قادىر    شەرىپە ئابلەق
(توقسۇن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇم تىزگىنلەش پونكىتىدىن 838100)

شىنجاڭ تېرىكىنى يالتىراق يېپىپ كۆچىتى يېتىشتۈرگەندە، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، سۈپەتلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (1) ئادەتتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسىدا 3℃ ـ 4℃ يۇقىرى بولىدۇ؛ (2) نەملىك ھەر ۋاقىت يېتەرلىك بولىدۇ؛ (3) ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا شىنجاڭ تېرىكىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىشتىن ئىلگىرى كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر چۆنەك تارتىپ، چۆنەك ئۈستىگە يالتىراق يوپۇق يېپىپ قاندۇرۇپ سۇغىرىلغاندىن كېيىن، 2 ـ، 3 ـ كۈنى يالتىراق ئۈستىگە ئادەم دەسسىگۈدەك بولغاندا، قەلەمچىنى يالتىراق ئۈستىدىن پاتتۇرۇپ تىكسە تۆت ھەسسە ئەي بولۇش نىسبىتىنى 90% دىن ئاشىدۇ.

**پەرۋىش قىلىش:** ① شىنجاڭ تېرىكى قەلەمچىسى يىلتىز تارتىش مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكىنىڭ ئىزچىل يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇڭا يىلتىز تارتىش مەزگىلىدە 5 ـ 6 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش لازىم. يالتىراق يوپۇق يېپىلغان بولسا تۇپراقنىڭ نەملىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەھۋالغا قاراپ سۇغىرىش، باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ ② 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قەلەمچە يىلتىز تارتىپ تۇتقان ـ تۇتمىغانلىرى ئايدىڭلىشىدۇ، بۇ ۋاقىتتا يالتىراقنى ئېلىۋېتىپ، قەلەمچە ئارىلىقىنى 5 ـ 6 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاغلاپ يۇمشىتىپ، ھەر مو يەرگە 15 كىلوگىرام ئورېيا ئوغۇتىنى كۆمۈپ بېرىپ، دەرھال سۇغىرىش لازىم. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنە بىر سۇيىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرگە 25 كىلوگىرامدىن بىرىكمە ئوغۇت بېرىپ دەرھال سۇغىرىش لازىم؛ ③ شىمالىي شىنجاڭدا 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرى ئاخىرقى سۇيىنى قويۇپ، توك پاتقۇزغىچە سۇغارماسلىق لازىم. كېچىككەندىمۇ 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى توڭ ياتقۇزۇش لازىم. (05)

# بۇغداينى تېرىش مەزگىلىدىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

روزىگۇل تۇردى
(ئونسۇ ناھىيە گۇلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

1. بۇغداينى تېرىش مەزگىلىدە يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئا- ساسلىقى قىزىلباش قۇرت، يىڭنىسىمان سېرىق قۇرت قاتارلىقلار، كېسەل- لىكلەردىن تولۇق چىرىش كېسىلى، پۇرلۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى كۆپ كۆ- رۈلىدۇ، تولۇق چىرىش كېسىلى يىلتىزىغا زىيان سالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش: تېرىشتىن ئىلگىرى ئاغدۇرۇپ، ئېگىزنى تا- زىلاش، چىرىمىگەن ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى كۆپ بېرىشتىن، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن كالىيلىق ئوغۇت بې- رىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (2) خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش: ھەر موغا 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) سۇتسىمان مېيىدىن 200 - 250 مىللىلىتىرنى 25 - 30 كىلوگىرام توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى 3% لىك مېتىل ئىزوفېفوس (甲基异柳磷) دانىچە دورىسى ياكى 5% لىك فوكسىم دانىچە دورىسىدىن 2 - 2.5 كىلوگىرامنى چېچىپ ئاغدۇرۇۋېتىش كېرەك. 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيىنى ياكى 40% لىك مېتىل ئىزوفېنفوستىن 100 مىللىلىتىرنى 5 - 10 كىلوگىرام سۇغا قوشۇپ، بۇغداي ئۇرۇقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن 3 - 4 سائەت دۆملەپ، ئۇرۇق قۇ- رۇغاندىن كېيىن تېرىش لازىم. يۇقىرىقى دورىلار بىلەن باكتېرىيە ئۆل- تۈرگۈچى دورىلار (杀菌剂) بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، يەر ئاستىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىپلا قالماستىن، بۇغداي- دىكى كېسەللىك زىيانداشلىقىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدۇ. (03)

# باش ئەتىيازدا پارنىك شوخلىنىڭ بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى

ئاسىمگۈل تۇرسۇن
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

بۇ خىل كېسەللىك شوخلىنىڭ يوپۇرمىقىغا، غولىغا، مېۋىسىگە، بولۇپمۇ يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. كېسەللەنگەن يوپۇرماقتا دەسلەپتە، تۇتۇق قوڭۇر ياكى قارا داغلار پەيدا بولىدۇ. داغ يۇمىلاق ياكى ئېللىپىس شەكلىدە بولىدۇ. باش ئەتىيازدا سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ھاۋا تۇتۇق كۈنلەرنىڭ داۋاملىشىشى سەۋەبتىن پارنىك ئىچىدىكى تېمپېراتۇرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كەچلىك ۋە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ چوڭىيىپ پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكى ئېشىپ كېتىدۇ ـ دە، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بولۇپمۇ، تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، نەملىكى 80% دىن ئاشقاندا، كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى ئېغىرلايدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) پارنىك ئىچىنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. 1 ـ قېتىملىق سۇيىدىن كېيىنلا چۆنەكنى نېپىز كولتىۋاتسىيە قىلىش لازىم. پارنىكنىڭ ئالدى بىلەن ئۈستى تەرىپىدىكى ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق نەملىكنى تۆۋەنلىتىش، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرىمۇ ئوخشاشلا ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەڭ مۇۋاپىق نەملىك كۆرسەتكۈچكە كاپالەتلىك قىلىش يەنى، پارنىك ئىچىدە نەملىكنى 70% ئەتراپىدا كونترول قىلىش لازىم؛ (2) تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش لازىم. يۇقىرى تېمپېراتۇرا بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسەللىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەب، باش ئەتىيازدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشى سەۋەبلىك، پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكى ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت (ئۈرۈمچى ۋاقتى) 11:00، چۈشتىن كېيىن سائەت 3:00 كىچە پارنىكنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزلىرىنى تولۇق ئېچىپ، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئەگەر پارنىك نەملىكى مۇۋاپىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىشتە، يوتقانلىق پارنىك بولسا يوتقاننى يېرىم چۈشۈرۈپ، سايە چۈشۈرۈش ئارقىلىق تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلەتسە بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىدە 14℃ ـ 18℃ تا ساقلاش لازىم. (3) شوخلىنىڭ ياۋا شاخلىرىنى پۇتاپ، يېپقا ئېسىش ئارقى-

# ئۈزۈمدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاساسلىق كېسەللىك، زىياندالش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

پاتىگۈل ئابدۇرېھىم  رۇقىيەم ئاخمول
(قۇمۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 859000)

**1. ئاق توزان كېسىلى:** بۇ ئۈزۈم مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە زىيان يەت-
كۈزىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ يەر ئۈستى قىسمى-
نىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماقتا پەيدا بولغاندا يوپۇرماق
يۈزىدە ئاق توزانسىمان ماددا ھاسىل بولۇپ، قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ. غول قىس-
مىدا پەيدا بولسا، ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ. مېۋىدە كېسەللىك پەيدا بولۇشىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىلىدە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، كېيىن ئاق توزانسىمان داغ
ھاسىل بولىدۇ، ئاسانلا يېرىلىپ سېسىيدۇ، تەمى چۈچۈمەل بولۇپ پىشىشى
كېچىكلەيدۇ.
ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: (1) پەرۋىشىنى كۈچەيتىش، باغدىكى كې-
سەللىك مەنبەسىنى پاكىز تازىلاش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، ئورگانىك ئو-

---

لىق ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش لازىم. شوخلىنىڭ غولى تىك ئۆ-
سەلمىگەچكە باراڭغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شوخلا تۈپىدە يوپۇرماق
چىققاندىن كېيىن بوغۇم ئارىلىقى ئۈزىراپ، يوپۇرماق قولتۇقىدا يان
شاخلار كۆرۈلىدۇ. شوخلىدا تۈنجى گۈل تىزمىسى پەيدا بولغاندىن كې-
يىن، گۈل تىزمىسىنىڭ ئاستىدىكى 1 - يان شاخنىڭ ئاستىدىكى يو-
پۇرماق قولتۇقىدىن ئۆسۈپ چىققان يان شاخلارنى پۇتاش، شوخلا شې-
خىنى يىپقا ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈپ، يورۇقلۇق ۋە ھاۋا شارائىتىنى
ياخشىلاش ھەمدە كېسەللىك مىكروبىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش
كېرەك؛ (4) خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش: %50 لىك توپ-
سىن (托布净) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 - 700 ھەسسىلىك
سۇيۇقلۇقى ياكى %75 لىك داكونىل (百菌清) نەملىنىشچان پاراشوك-
نىڭ 600 - 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، %10 لىك تىرىزىمان
(代森锰锌) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، %40 لىك فۇشىڭ
(福星) نىڭ 5000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بى-
رىنى يوپۇرماققا ئۇدا 3 - 5 قېتىم پۈركۈش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا
ھەر مو يەرنى 250 گىرام %45 لىك داكونىل بىلەن 2 - 3 سائەت
ئىسلىسىمۇ بولىدۇ. (03)

غوتلارنى ئاساس قىلىپ ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە قىلىپ بېرىش ئار-قىلىق، تۇپىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئۈز ۋاقتىدا باراڭغا ئېلىپ باغلاش، ئوزۇقلۇق شاخلارنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈپ، ئۆ-سۈشنى كونترول قىلىش، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتى ياخشىلاش كېرەك. (2) ئاق توزان كېسىلى گۈڭگۈرتكە ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ - يوقاتسا ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. شۇڭا كۆزدە ئۈزۈمنى كۆمۈشتىن بۇرۇن 45% لىك ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى (石硫合剂) نى 30 - 40 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، نەمدەلگىدەك ھالەتتە پۈركۈپ، ئاندىن ئۈزۈمنى كۆمۈش كېرەك. ئىككىنچى يىلى ئەتى-يازدا 4 - ئاينىڭ باشلىرى، ئۈزۈمنى ئېچىپ باراڭغا ئېلىپ بولغاندىن كې-يىن 150 - 200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يەنە بىر قېتىم پۈركۈش (ئەگەر بىخلىنىپ كەتكەن بولسا ئىشلەتمەسلىك) كېرەك.

ئۈزۈم ئۆسۈش مەزگىلىدە ئاق توزان كېسىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرى باي-قىلىدۇ. شۇڭا بايقىلىشتىن بۇرۇن، يەنى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ دورا چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، ھەر 10 - 15 كۈندە بىر قېتىم مىكروب ئۆلتۈرۈش دورىسى چېچىش كېرەك. 12.5% لىك (晴菌唑) نى 2000 - 2500 ھەسسە، 75% لىك داكونىل (百菌清) نى 600 - 800 ھەسسە، 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نى500 ھەسسە سۇيۇلدۇ-رۇپ، ئۇدا 2 - 3 قېتىم ئالماشتۇرۇپ چېچىش كېرەك.

**2. مېۋە سېسىش كېسىلى:** مېۋىلەش نىسبىتى يۇقىرى، مېۋە ساپىقى ئۇزارمىغان، گۈل ۋە مېۋىلىرى ياخشى شالاڭلىتىلمىغان، مېۋە ساپىقى ئىنتايىن زىچ بولغان ئۈزۈملەردە مېۋە سېسىش كېلىپ چىقىدۇ. پىشىش مەزگىلىدە مېۋىسى ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. يېرىلغان ئورۇن ئاسانلا مىك-روپلىنىپ، يارا ئاغزىغا ھاشاراتلار توپلىنىپ، مېۋىنىڭ سېسىشىنى كەل-تۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېۋە يوغىناشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكى تەڭشەلمىسە مېۋە دانىسىنىڭ سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئاسانلا مې-ۋە يېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: (1) پەرۋىشنى كۈچەيتىش، مېۋە ساپاقنى رەتلەش، ئۆسۈشنى تەڭشىگۈچى ھورمون «920» نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ساپاقنى ئۇزارتىش ھەم گۈل، مېۋىلەرنى شالاڭلىتىپ، مېۋە زىچلىقىنىڭ

مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (2) بالدۇر ئالدىنى ئېلىش، ئۈزۈم شىرنە يىغىش مەزگىلىدە بىر قىسىم ئۈزۈملۇق مىقدارى يوقىرى بولغان يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى پۈركۈش كېرەك. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى مېۋە سېتىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورىلار، يەنى پۇجۇنلىشا (葡菌立杀)، يىپىنجىڭ (一喷净) قاتارلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا پۈركۈش لازىم. (3) مۇۋاپىق سۇغىرىش، مېۋىنىڭ ئاخىرقى پىشىش مەزگىلىدە كۆپ مىقداردا باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (4) سېسىغان مېۋىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش، ساغلام بولغان مېۋىلەرگە يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. تىۋىتلىق قاپارتما كېسەللىكى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. يەنە يۇمران نوتا، غورا، چېچەككىمۇ زىيان سالىدۇ. يوپۇرماقتا كۆرۈلگەندە، دەسلەپتە يوپۇرماق ئارقىسىدا نۇرغۇن تەرتىپسىز ئاق داغلار پەيدا بولۇپ كېڭىيىدۇ، يوپۇرماق يۈزى قاپارغاندەك كۆرۈنىدۇ. يوپۇرماق دۈمبىسىدىكى داغ ئويمىنى ئىچىدە بىر قەۋەت ئاق تىۋىتلىق تالا زىچ ئۆسىدۇ، بارا ـ بارا قېلىنلايدۇ ھەمدە ئاق سېرىق رەڭدىن چاي رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. يوپۇرماق يۈزىدە بۇدۇر ـ چوقۇر قاپارتمىلار پەيدا بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكنىڭ باشقا رايونلارغا تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (2) كېسەللىك مىكروپىنى تازىلاش، كۈزدە يوپۇرماق تۆكۈلگەندە، غازاڭنى پاكىز تازلاش ۋە يىغىپ كۆيدۈرۈش ياكى چوڭقۇر كۆمۈش كېرەك؛ (3) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، كېسەل تەگكەن يوپۇرماقلارنى دەرھال ئۈزۈپ كۆيدۈرۈۋېتىپ، كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى تىزگىنلەش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا دورا چېچىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن، 10% لىك مەنجىس (螨即死乳油) نى 4000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 73% لىك كېمەنتې (克螨特乳油) نى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا بولىدۇ.

**4. مېۋە سايىقى قورۇش كېسىلى:** كېسەللىك ئالامىتى:بۇ كېسەللىك ئاساسلىق ئۈزۈمنىڭ يۇمران سايىقى، يۇمران مېۋىسى ۋە يوپۇرماقلىرىغا زىيان سالىدىغان بولۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدە، ساپاق ئۈستىدە قوڭۇر رەڭلىك چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. نەملىك ئاشقانسېرى كېسەللىك

داغلىرى تېزلىكتە ئەتراپقا كېڭىيىپ، ساپاق ئوقى پۈتۈنلەي قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ قالىدۇ. گۈل رېتى بۆلۈنگەن ئورۇندىن ئاسانلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى قوڭۇر ياكى قارا رەڭلىك كىچىك داغلار پەيدا بولىدۇ. مېۋە چوڭايغانسىرى مېۋە ۋە مېۋە سېپى سولۇشۇپ قۇرۇپ قالىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ــ يوقىتىش: (1) كېسەللىك مىكروبىنى تازلاش، كۈزلۈك پۇتاشقا بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇپ قالغان، قېرى شاخلارنى، يوپۇرماق، ئوت ــ چۆپلەرنى پاكىز تازلاش ۋە يىغىپ كۆيدۈرۈش ياكى چوڭقۇر كۆمۈش كېرەك. (2) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، ئورگانىك ئوغۇت ۋە فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى كۆپەيتىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كونترول قىلىش كېرەك. ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھارام شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، ۋاقتىدا پۇتاپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشىنى ياخشىلاپ، نەملىكنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش: ئۈزۈم گۈل ئېچىلىشنىڭ ئالدى ــ كەينىدە ئۇدا 2 ــ 3 قېتىم دورا پۈركۈش ئارقىلىق كېسەللىك زىيىنىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. دائىم ئىشلىتىۋاتقان ئۈنۈملۈك دورىلاردىن 80% لىك داشىڭ 大生، 45M نەملىنىشچان پاراشوكىنى 600 ــ 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 1.5% لىك دوكاڭمىسۇ (多康霉素) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 300 ــ 400 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك.

**5. يىلتىز ئۆسمە (راك) كېسىلى:** بۇ كېسەللىك يىلتىز بوغۇزىدا ياكى ئۇلاق ئەتراپىدا، ئىككى يىلدىن ئاشقان ئۈزۈم غولىنىڭ يەرگە يېقىن جايىدا يۈز بېرىدۇ. پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يارا ئېغىزىدا ئۆسمە پەيدا بولىدۇ، ئۆسمە سۇس يېشىل رەڭدە پارقىراق، ئىچى يۇمشاق بولىدۇ. يارىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يۈز قىسمى قوتۇرلىشىدۇ ۋە قۇرۇشۇپ قاتتىقلىشىدۇ، يېشىل رەڭ بارا ــ بارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كېسەللەنگەن تۈپلەر ئاجىزلاپ، يوپۇرماقلار سارغىيىپ، بالدۇر تۆكۈلىدۇ، ئېغىر بولغاندا قۇرۇپ قالىدۇ. ھەتتا پۈتۈن باغ ۋەيران بولىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ــ يوقىتىش: (1) تۇپراقنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، تۇپراق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك؛ (2) ھەر خىل زەخملىنىش، ھايۋانات ۋە ھاشاراتلەرنىڭ غاجىلىشىدىن كېلىپ چىققان يارا ئېغىزى ئارقىلىق

يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەش كېرەك؛ (3) ئۈزۈمنىڭ ئاساسىي غولىلىرىدا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلسە، دەرھال ئىششىق ئورۇندىن ساغلام توقۇلمىغىچە قىرىش، قىرىۋېتىلگەن، كېسەللەنگەن قالدۇقنى يىغىپ كۆيدۈرۈش كېرەك. قىرىۋېتىلگەن يارا ئېغىزىغا 45% لىك ھاك ـ گۈڭگۈرت (石硫合剂) نى 1:1.5 ھەسسە بويىچە سۇيۇلدۇرۇپ سۈرۈش كېرەك؛ (4) ئۈزۈمنى ئېچىپ باراڭغا ئالغاندىن كېيىن يىلتىز قىسمىغا گېنكاڭ (根康) نى 500 ھەسسە، 5% لىك جۈندۇچىڭ (菌毒清) نى 450 ھەسسە، 77.5% لىك د د ۋ (敌敌畏) نى 375 ھەسسە، 2% لىك دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ستىرېپتومىتسىن (农用链霉素) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، يۇقىرىقى تۆت خىل دورىنى بىرلەشتۈرۈپ، 15 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر تۈپ ئۈزۈمنىڭ يىلتىز قىسمىغا ئىككى كىلوگىرامدىن قۇيسا بولىدۇ.

**6. چىپار يوپۇرماق تومۇزغىسى:** ئۈزۈمگە ئاساسلىقى يېتىلگەن ھاشارات، يوپۇرماققا ئېغىر زىيان سالىدۇ. يوپۇرماق كەينىگە ھاشارەتلەر توپلىشىۋېلىپ يوپۇرماق سۇيۇقلۇقىنى سۈمۈرۈۋالغانلىقتىن، يوپۇرماقنىڭ يېشىللىقى يوقاپ، ئاخىرىدا ئاق، سېرىق چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. ئېغىرلاشقاندا ئاق چېكىتلەر تۇتىشىپ ئاق داغنى شەكىللەندۈرىدۇ، يوپۇرماق بالدۇر تۆكۈلۈپ شاخلارنىڭ پىشىشى ۋە كېلەر يىللىق مېۋە بىخلارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) ھاشارات تۇخۇمىنى ۋاقتىدا يوقىتىش، كۈز ئاخىرىدا باغنى پاكىزە تازىلاش، ئوت ـ چۆپ، غازاڭلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك؛ (2) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز ۋاقتىدا شوخلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئازايتىش كېرەك؛ (3) 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىرىنچى ئەۋلاد ياش قۇرت پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن 40% لىك روگور (乐果乳油) نى 1000 ـ 1500 ھەسسە، 20% لىك كاڭفۇدو (康复多) نى 800 ھەسسە، 50% فوكسىم (辛硫磷乳油) نى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، كەچقۇرۇن كۈن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىدا يوپۇرماقلار نەمدەلگۈدەك ھالەتتە پۈركۈپ چاچسا بولىدۇ. (03)

# قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

مەسئۇت مەمەتجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 835000)

قىزىلچا شېكەرنىڭ خام ئەشياسى، شۇنداقلا مەھسۇلاتى يۇقىرى بولغان يەم - خەشەك زىرائىتى، ئادەتتە تۇجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلغاندا، قىزىلچىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 5000 - 6000 كىلوگىرامغا يېتىپ، بىر مو يەردىن 400 كىلوگىرام شېكەر ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسىلى قىزىلچا مەھسۇلاتىنى 10% - 30%، ئېغىر بولغاندا 60% كېمەيتىۋېتىدۇ.

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى ئاساسەن تۇپراقتا ياكى كېسەللىك قالدۇقىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە قىزىلچا ئۇنۇپ چىققاندىن كېيىن، قىزىلچا يىلتىزىنىڭ پوستىدىن ئىچكى قىسمىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇگىنەك يىلتىزى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ چىرىيدۇ، بولۇپمۇ زەيكەش، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار، تۇپراق نەملىكى يۇقىرى، سۇ چىقىرىۋېتىش قولايسىز، فوسفور تۆۋەن بولغان يەرلەردە ۋە يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ قىزىلچا تۇگىنەك يىلتىزىنى زەخىملەندۈرگەن ئورنى كۆپ بولغاندا بۇ خىل كېسەللىك ئېغىر بولىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** قىزىلچا يىلتىز چىرىش كېسىلىنىڭ مىكروبى بىلەن يۇقۇملانغاندا قىزىلچا تۇپى پاكارلىشىدۇ، يوپۇرمىقى سارغىيىدۇ ياكى ساغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، يوپۇرمىقى نېپىزلاپ قورۇلۇپ، سولىشىپ قۇرۇيدۇ. تۇگىنەك يىلتىز ئىچكى قىسمىدا كاۋاك پەيدا قىلىدۇ، بۇ كاۋاكتا ئاق رەڭلىك ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك زەمبۇرۇغ يىپچىسى ۋە بۆلۈنۈپ ئۆسكۈچى ئىسپورىلار تولغان بولىدۇ، ئاخىرىدا تۇگىنەك يىلتىز سېسىق پۇرايدۇ. بەزى قىزىلچا يوپۇرماقلىرىدا روشەن كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىغاندا يوپۇرماق يېپىلىپ سولىشىپ قالىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) تۆت يىلدىن ئارتۇق نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش كېرەك. تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى يەرنى تاللاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاشۇرۇپ بېرىش كېرەك؛ (2) كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. تەۋەيىمىزدە «kws2409»، «S-5602» سورتلار كۆپرەك تېرىلىدۇ.

**4. مۇۋاپىق ۋاقىتتا بالدۇر تېرىش:** مۇۋاپىق مەزگىلدە بالدۇر تې-

# بۇغداي كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

بەختىگۇل ئايۇپ
(كورلا شەھىرى توۋۇرچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

**1. دات كېسىلى:** (1) كېسەلگە چىداملىق، يوقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش بولسا دات كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتىكى تېجەشلىك، ئۈنۈملۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ؛ (2) تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 25% لىك ئاچ ئازولىن (三唑酮) نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 150 گىرام ئېلىپ، 100 كىلوگىرام ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇش ياكى 3% لىك بېنمىجياخۇەنزو (苯醚甲环唑) سۇسپېنزىيەلىك ئۇرۇق قاپلاش دورىسىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، 100 كىلوگىرام ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 20% لىك تىرىئادىمېفون (粉锈宁) نى يوپۇرماق يۈزىگە پۈركۈش كېرەك؛

---

رىش ئارقىلىق، مايسىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىنى ۋە كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن كولتىۋاتسىيە قىلىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاپ، سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، تۇپراق قۇرغاق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنىنى يېنىكلىتىش، تىمەن مايسىلارنى بەلگىلەش، كېسەلگە چىداملىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

**5. خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.8% تى بويىچە 70% لىك دىكسون (敌克松) بىلەن ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش لازىم؛ (2) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مېتىل توپسىن (甲基托布津) دورىسىنى 3 ـ 5 كىلوگىرام قۇم ياكى ھەرە كېپىكىگە تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، قوناقنىڭ ئىچ يوپۇرمىقىغا سېلىش لازىم. دورا سېلىش ئۇسۇلى: تەييارلانغان دورىلىق توپنى سۇلياۋ بوتۇلكىغا قويۇپ، بوتۇلكا ئېغىزىدىن بىرنەچچە تۆشۈك ئېچىپ، ھەربىر تۈپنىڭ ئىچ يوپۇرمىقىغا سېلىش كېرەك؛ (2) 3% لىك فۇرادان (呋喃丹) دىن 0.5 كىلوگىرامنى 12 كىلوگىرام قۇمغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل ئارقىلىق ئىچ يوپۇرماققا سېلىش كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا دىپتېرېكس (敌百虫) قاتارلىق دورىلار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ يوقاتسىمۇ بولىدۇ. (03)

(4) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، قوشۇمچە ئوغۇتنى بالدۇر بېرىش، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق زىچلىقتا ئۆستۈرۈش، سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**2. ئاق توزان كېسىلى:** (1) كېسەلگە چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش كېرەك. ھەر 1000 كىلوگىرام ئۇرۇققا 15% لىك تىرىئادىمېفون نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 30 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ياكى 2% لىك دىنىكونازول (烯唑醇) نى ئۇرۇق مىقدارىنىڭ 1% ـ 2% چىلىك ئېلىپ، ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش كېرەك؛ (3) ئاق توزان كېسىلى پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەر مو يەرگە 20% لىك ئاچ ئازولىن سۇتسىمان مېيىدىن 40ـ50 مىللىلىتىر ياكى 25% لىك پروپىكونۇرول (丙环唑) سۇتسىمان مېيىدىن 30ـ35 مىللىلىتىر ئېلىپ، سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك؛ (4) يوقاق بولۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشاق چىقىرىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ھەر مو يەرگە 25% لىك تىرىئادىمېفون نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 70 گىرام ياكى 20% لىك تىرىئادىمېفون نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 50 گىرام ياكى 20% لىك تىرىئادىمېفون سۇتسىمان مېيىدىن 40 مىللىلىتىر ئېلىپ، 50 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ چېچىش كېرەك. كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولغان بولسا، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم دورا چېچىش كېرەك.

**3. قارا كۈيە كېسىلى:** قارا كۈيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، 20% لىك كاربوكسىن (萎锈灵) بىلەن 20% لىك تىرام (福美双) ئۇرۇق قاپلاش دورىسىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن 200 گىرام ئېلىپ، 100 كىلوگىرام ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ ياكى 3% لىك بېنىمىجىياخۇەنزو سۇسپىنزىيەلىك ئۇرۇق قاپلاش دورىسىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، 100 كىلوگىرام ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش كېرەك.

**4. بۇغداي تولۇق چىرىش كېسىلى:** بۇغداي تولۇق چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، 125 گىرام/لىتىرلىق چۈەنشىجىڭ (全蚀净) سوسپىنزىيەلىك دورىسىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ ياكى 3% لىك بېنىمىجياخۇەنزو سۇسپىنزىيەلىك ئۇرۇق قاپلاش دورىسىدىن 200 ـ 300 مىللىلىتىر ئېلىپ، 100 كىلوگىرام ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش كېرەك.

**5. ئۇششۇك:** (1) ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، ئۇششۇككە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بۇغداي سورتلىرىنى تېرىش كېرەك؛ (2) تېرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى 3 ـ 5

# تاۋۇزدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرزىيەگۈل ماخمۇت    مەمەت ئەخمەت
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. تاۋۇز كۆكپېتى:** (1) پارىنكىنى د د ۋ (敌敌畏) بىلەن ئىسلىسا، تاۋۇز كۆكپېتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تارايتقىلى بولىدۇ؛ (2) ئوچۇقچىلىق يەرلەردە دورا چېچىپ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، تاۋۇز كۆك پېتى پارچە - پۇرات پەيدا بولغاندا، 30% لىك مېتامىدوفوس (乙酰胺甲胺磷) نى بەش ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پىلىككە چاچسا، مەركىزى تۇپلەردىكى تاۋۇز كۆكپېتىنى تىزگىنلەپ، يامراپ كېتىشنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. تاۋۇز كۆكپېتى ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولغاندا، د د ۋ زەھەرلىك توپىسى بىلەن دىمىقتۇرۇپ يوقاتسا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر موغا 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيىدىن 100 ـ 150 مىللىلىتىر ئېلىپ، 10 ـ 15 كىلوگىرام يۇمشاق توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ دورىلىق توپا ياساپ، يوپۇرماق ئاستىغا چېچىش ياكى 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 20% لىك كاڭفۇدو (康福多) قويۇق ئېرىشچان دورىسىنىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش ياكى 2.5% لىك يېشىل كارات سۇتسىمان مېيى (绿色功夫乳油) نىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك.

---

سانتىمېتىردا كونترول قىلىش كېرەك؛ (3) مۇۋاپىق ۋاقىتتا توك ياتقۇزۇش كېرەك؛ (4) باش ئەتىيازدا تولۇقلاپ سۇغىرىپ، تۇپراق نەملىكىنى ئاشۇرسا، ئۇششۇك ئاپىتىنى يېنىكلىتىپ، مايسىنىڭ نابۇت بولۇشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ① قىش كىرىشتىن بۇرۇن مايسىنى تىمەن ئۆستۈرۈش، باش ئەتىيازدا تىرنىلاش كېرەك. بۇغداي قايتا كۆكىرىش مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە 200 مىللىگىرام / كىلوگىرام قويۇقلۇقتا پاكلوبۇترازول (多效唑) ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك. قىروۋ ئۇششۇكى چۈشۈش ئېھتىمالى بولسا كەچقۇرۇن ئىسلىسا، قىروۋ ئۇششۇكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ② بۇغداي ئۇششۇگەن بولسا قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ۋاقتىدا سۇغىرىش، ئوغۇتلاش قاتارلىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ھەر مو يەرنى 10 ـ 13 كىلوگىرام ئاممونىي نىترات (硝酸铵) ياكى 20 ـ 30 كىلوگىرام ئاممونىي ھىدرو كاربونات (碳酸氢铵) بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش ھەمدە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئۇششۇپ كەتكەن مايسىلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. (03)

**2. تاۋۇز قىزىل ئۈمۈچۈكى:** (1) نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، بولۇپمۇ باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەر بىلەن بىر يىلدىن كۆپرەك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ (2) يەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇپ قىشتىن ئۆتۈش ئېكولوگىيەلىك شارائىتىنى ناچارلاشتۇرۇپ، قىشتىن ئۆتىدىغان ھاشارات مەنبەسىنى تارايتىش كېرەك؛ (3) ئېتىزلىقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ۋە قالدۇق شاخ، يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا تازىلاش كېرەك؛ (4) تاۋۇز قىزىل ئۈمۈچۈكى ناھايىتى تېز كۆپىيىدۇ، شۇڭا ئېتىزدا پەيدا بولغانلىقىنى بايقىغان ھامان، دورا چېچىپ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 73% لىك پروپارگىت (克螨特) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 25% لىك خىنو مېتىئونات سۈتسىمان مېيى (灭螨猛乳油) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى فۇفاڭ جىياڭمېيسۇ (复方济阳霉素) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 50% لىك گۈڭگۈرت سۇسپېنزىيەلىك دورىسى (硫悬浮剂) نىڭ 200 ـ 300 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 40% لىك جۈشا سۈتسىمان مېيى (菊杀乳油) نىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك.

**3. تاۋۇز يوپۇرماق قىتى چىۋىنى:** (1) كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. (2) پەيدا بولۇشى يۇقىرى پەللىگە چىقىش مەزگىلىدە 48% لىك لورسبان (乐斯本) سۈتسىمان مېيىنىڭ 1500 ـ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 1.8% لىك ئەيفۇدىڭ (爱福丁) سۈتسىمان مېيىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 10% لىك نىكوتىن سۈتسىمان مېيى (烟碱乳油) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 5% لىك رۇيجىڭتې (锐劲特) سۇسپېنزىيەلىك دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ۋە ياكى 40% لىك چىشىڭباۋ (七星宝) سۈتسىمان مېيىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

**4. يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرى يەر يولۋىسى، موزايىشى، يىڭنىسىمان سېرىق قۇرت:** (1) يەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش، گەندە ـ سۇيدۇك ئارىلاشمىسىنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش كېرەك. (2) ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ تۇتۇپ يوقىتىش كېرەك. (3) زەھەرلىك يەمچۆككە جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك؛ (4) يېتىلگەن ھاشارىتىنى خىرە نۇرلۇق چىراغقا ياكى يورۇقلۇقى كۈچلۈك ئالترا ۋىئولېت نۇرلۇق چىراغقا جەلپ قىلىپ يوقاتسا بولىدۇ؛ (5) تاۋۇزلۇقتا زىيانداش ھاشاراتلارنى بايقىغان ھامان، 48% لىك لورسبان (乐斯本) ياكى 50% لىك فوكسىم سۈتسىمان مېيى (辛硫磷乳油)، 90% لىك دىپتېرېكس كىرىستالى (敌百虫晶体) نى ئىشلىتىپ يوقىتىش كېرەك. (03)

# شوخلىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

سەيپىدىن مۆلدىن    ئەخمەتجان مامۇت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 845350)

**1. ۋىرۇس كېسىلى:** (1) كېسەلگە چىدامىلىق سورتلارنى تاللاش ھەم كېسەللەنمىگەن ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن سۈزۈك سۇغا تۆت سائەت چىلاپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن، 10% لىك ئۈچ ناترىيلىق فوسفات (磷酸三钠) ئېرىتمىسىگە 20 مىنۇت چىلاپ ئېلىپ، سۈزۈك سۇدا پاكىز چايقاپ يۇيۇپ، بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك؛ (3) كۆكپىت ۋىرۇس كېسىلىنى تارقىتىدىغان ۋاستە بولۇپ، ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆكپىت يوقىتىدىغان دورىلاردىن 25% لىك ئاكىتەي (阿克泰) سۇدا تارقىلىشچان دورىسىنىڭ 2500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 10% لىك ئىمىداكلورد نەملىنىشچان پاراشوكى (吡虫啉) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك؛ (4) مايسا مەزگىلىدە 20% لىك ۋىرۇس A (病毒 A) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 15% لىك جىبىگلىك (植病灵) سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلارنى چېچىش كېرەك؛ (5) مايسا ئايرىش، كۆچۈرۈپ تىكىش، ھاشالاش، پۇتاشتىن ئىلگىرى 1% لىك سوپۇن سۇيىگە 0.2% ـ 0.4% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ياكى 40 ـ 1:20 لىك پۇرچاق قىيامى ياكى پۇرچاق، سۇت پاراشوكىنى چاچسا، تېگىشىپ يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**2. ھالقىسىمان داغلىنىش كېسىلى:** (1) كېسەللىككە چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پىدىگەن ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلاردىن باشقا كۆكتاتلار بىلەن ئىككى يىلدىن كۆپرەك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش كېرەك؛ (3) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇقنى 70℃ لۇق قۇرغاق ئىسسىقتا 72 سائەت بىر تەرەپ قىلىپ، تېرىشتىن ئىلگىرى 52℃ لۇق ئىلمان سۇغا 30 مىنۇت چىلاپ، سۇ تېمپېراتۇرىسى تەبىئىي تۆۋەنلىگەندە، سوغۇق سۇغا چىلاپ، بىخلاندۇرغاندىن كېيىن تېرىش كېرەك؛ (4) مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندە، ئاۋۋال مايسىغا 1:300 لىك بوردو سۇيۇقلۇقى چېچىپ، ئاندىن كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك؛ (5) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرنى 200 ـ 250 گىرام 45% لىك داكونىل (百菌清) ئىسلاش دورىسى ياكى 10% لىك سۇمىلىكس (速克灵) ئىسلاش دورىسى بىلەن ئىسلاش كېرەك. دورا چاچقاندا، 50% لىك نوڭلىلىك (农利灵)

ياكى 65% لىك دوگودىڭ (多果定) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 52% لىك مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 64% لىك ساندوفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك.

**3. يوپۇرماق پاختىلىشىش كېسىلى:** (1) كېسەللەنمىگەن ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك. (2) كېسەللەنمىگەن تۇپلەردىن ئۇرۇق قالدۇرۇش كېرەك. ئۇرۇقنى 52℃ لۇق قىزىق سۇغا 30 مىنۇت چىلاپ، سالقىنداتقاندىن كېيىن تېرىش كېرەك. (2) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش — يوقىتىشتا، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئىلگىرى، ھەر 100 كۋادرات مېتىر يەرنى 25 گىرام گۈڭگۈرت پاراشوكىغا بەش گىرام ھەرە كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ، ئوت يېقىپ ئىسلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، توپ ئاستىدىكى كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ئۈزۈۋېتىپ، ۋاقتىدا دورا چېچىشقا دىققەت قىلىپ، 50% لىك كىمات (敌菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 75% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 75% لىك تېرمىل نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ۋە 47% لىك مىس ئوكسى خىلورىد (春雷氧氯铜) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك.

**4. كىندىك چىرىش كېسىلى:** (1) مۇۋاپىق مىقداردا ۋاقتىدا سۇغىرىش، بولۇپمۇ مېۋىلەش مەزگىلىدە سۇغىرىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش ھەمدە سائەت 9 ـ 12 لەردە سۇغىرىش كېرەك. (2) كالتسىيلىق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. مېۋىلىگەندىن كېيىنكى بىر ئاي شوخلىنىڭ كالتسىي سۈمۈرۈپ پايدىلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا 1% لىك كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) ياكى 0.5% لىك كالتسىي خلورىد (氯化钙) گە بەش مىللىگىرام / كىلوگىراملىق ناپتالىن ئاتسېتىك كىسلاتا (萘乙酸) نى ئارىلاشتۇرۇپ ياكى 0.1% لىك كالتسىي نىترات (硝酸钙) ۋە ئانوتىك (爱多收) نىڭ 6000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى لىففىنگۇيلىل ـ 3 (氯芬威3号) نىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن باشلاپ ھەر 10 ـ 15 سائەتتە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك. (03)

# پارنىك شوخلىسىنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇردا زىيىنىغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

هاجىگۈل مەخەت  روشەنگۈل ئابدۇقادىر  ئابلىمىت مەمەت
(مەكىت ناھىيە بازار جەمى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844000)

پارنىك ۋە سولياۋ كېمىردە شوخلا ئۆستۈرگەندە، ئىسسىقلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرى ياخشى بولمىسا بالدۇر مايسا يېتىشتۈرۈپ، بالدۇر كۆچۈرگەندە، شوخلا مايسىلىرى سوغۇقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. مايسا مەزگىلىدە ئۇزۇن ۋاقىت 8℃ تىن تۆۋەن مۇھىتتا تۇرسا، يوپۇرماقلار قارىداپ بىخ سۇرۇشى نورمال بولمايدۇ. نەتىجىدە مېۋە يېرىلىش ۋە غەيرىي مېۋە چۈشۈش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. كۆچۈرگەندىن كېيىن داۋاملىق 7℃ تىن تۆۋەن شارائىتتا تۇرسا، غول، يوپۇرماقلىرى كىچىكلەپ، يوپۇرماقلىرى قورۇلۇپ قالىدۇ. تېمپېراتۇرا 3℃ ـ 5℃ قا چۈشكەندە، مايسىلار سولىشىپ ياكى قۇرۇپ، مەھسۇلاتقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كەتكەن ياكى ئاجىز ئۆسكەن مايسىلار ئاسانلا سوغۇقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. سوغۇقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان مايسىلار ئاسانلا كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ، قارشىلىق كۈچى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) سورت تاللاشقا دىققەت قىلىش: تۆۋەن تېمپېراتۇرا، ئاجىز يورۇقلۇققا چىداملىق سورتلارنى تاللاش كېرەك؛ (2) تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈش: مايسا يېتىشتۈرگەندە تېمپېراتۇرىنى 13℃ ـ 25℃ ئارىلىقىدا كونترول قىلىش كېرەك. مۇۋاپىق سۇغىرىش، كېچىلىك تېمپېراتۇرىنى 13℃ ـ 18℃ تا كونترول قىلىپ، مايسىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرا، تۆۋەن نەملىك شارائىتتا چېنىقتۇرۇپ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ (3) دېھقانچىلىق دورىسى ۋە فوسفور، كالتسىي تولۇقلاش كېرەك. ئادەتتە 100 مېتىرلىق پارنىكقا چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 10～15 كۇب مېتىر بېرىلىدۇ. كالتسىي سوپېر فوسفات (过磷酸钙) تىن 70 ـ 80 كىلوگىرام، كالىي سۇلفىدتىن (硫酸钾) تىن 30 ـ 35 كىلوگىرام، ئورىيا (尿素) دىن 7 ـ 8 كىلوگىرامنى تەكشى ئارىلاشتۇ-

# ئاتۇش شەھىرىدە «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

**ئەخمەتجان باقى**

(ئاتۇش شەھىرى ئارغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون 2004 - يىلى رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرلىرىدە «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى يولغا قويغان ئىدى. شەھىرىمىز يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي مەمۇرىي تارماقلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئىدۇق. مەن شەھىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قارىتا تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. سۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتى شەھىرىمىزنىڭ چەكلىك بولغان سۇ

---

رۇپ، ئىككى قېتىم ئاغدۇرۇپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ؛ (4) مايسا بالدۇر كۆچۈرۈلگەن بولسا ئىسسىقلىق ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىش ياكى پارنىك ئىچىگە ۋاقتىنچە ئوت يېقىپ تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (5) مايسىنى ئېگىز قىرغا كۆچۈرۈش: مايسىنى ئېگىز قىرغا كۆچۈرگەندە تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوغۇق زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (6) كۆچۈرۈشتىن بۇرۇن قاندۇرۇپ سۇ - غىرىش لازىم. مايسا كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بەك قۇرغاق بولسا ياكى سولىشىپ قالسا، بىر قېتىم سۇغىرىش، ئۇنداق بولمىسا ئادەتتە سۇغارماي تاكى چېچەكلەپ مېۋە بەرگەندە ئاندىن ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. چۈشتە تېمپېراتۇرا يۇقىرى ۋاقىتتا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ نەملىكنى كونترول قىلىش كېرەك. (03)

بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ سۇ باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، سۇ تېجەپ سۇغىرىشنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىدىغان خىزمەت بولغاچقا، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاك ـ تىپلىق بىلەن قاتناشتۇرۇلۇشى كېرەك.

2. «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇ ئۆلچەش ۋە خاتىرىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. شەھىرىمىز چاقماق دەرياسى ۋە بوغۇز دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريادىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش ئېلىپ بارىدۇ. ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمى 380 مىڭ مو، ئومۇمىي سۇ بايلىقى 760 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 420 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 340 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.55، ھەر مو يەرنىڭ يىللىق سۇغىرىش مىقدارى 1100 كۇب مېتىر بولىدۇ. شەھىرىمىزدە ئاقاۋا ئارقىلىق سۇ ئۆلچەش ۋە ۋىرتوچكا ئارقىلىق سۇ ئۆلچەش ئۇسۇللىرى كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ. سۇچىلىق تېخنىك خادىملىرى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئادىل، توغرا بولۇشى ئۈچۈن، سۇ ئۆلچەش قۇرۇلمىلىرىنى ئۆلچەملىك ياساپ ۋە ئورنىتىپ، قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۈرۈشى كېرەك. ئەسۋابلارنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ۋە سان ـ سىفىرلار ئېنىق بولمىغان بولسا دەرھال ئالماشتۇرۇش ۋە يېڭىدىن ئۆلچەش شكالىلىرىنى سىزىپ چىقىش كېرەك. ۋېرتوچكا بىلەن سۇ ئۆلچىگەندە، ئۇنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلگەن ياكى تەكشۈرۈلمىگەنلىكىگە، ۋىرتوچكا فورمۇلاسىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىگە، شۇنداقلا ۋېرتوچكىنىڭ پاكىز تازىلانغان ياكى تازىلانمىغانلىقىغا قاراپ، سۇ ئۆلچەشتىن ئاۋۋال پاكىز لۆڭگە بىلەن بىر قۇر تازىلاپ ۋە مايلاپ چىقىش كېرەك. تېخنىك خادىملار سۇ ئۆلچەپ خاتىرىلەشتە بىر كۈندە تۆت قېتىم سۇ ئۆلچەپ خاتىرىلەپ، ئوتتۇرىچە سانىنى ئېلىش كېرەك. ھەر كۈنلۈك ئۆتكەن سۇ مىقدارىغا قارىتا، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قارىتا تالون كېسىپ، قول قويدۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

3. «دېھقان سۇ ئىشلەتكۈچىلەر جەمئىيىتى» نىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك

پايدىلىنىش كېرەك. «دېھقان سۇ ئىشلەتكۈچىلەر جەمئىيىتى» سۇ ئىشلەتكۈچى دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۆزلىرى ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان، رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى دېموكراتىك ھالدا سايلاپ چىقىلغان ئاممىۋى تەشكىلات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. سۇ ئىشلەتكۈچىلەرگە قارىتا تەربىيەلەش، ئېكسكۇرسىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەلىي خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. كەنت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى «دېھقان سۇ ئىشلەتكۈچىلەر جەمئىيىتى» نىڭ باشقۇرۇشىغا تەدرىجىي ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سۇ ھەققى يىغىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

4. سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئاسراش ۋە ۋاقتىدا رېمونت قىلىش كېرەك. سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى «سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ ئاساسى. سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى باشقۇرۇشتا قاتلاممۇ ـ قاتلام مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. قۇرۇلۇشقا مەسئۇل تېخنىك خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇزۇلغان سۇ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، تور مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز قەرەلىدە رېمونت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئىزچىل ماسلىشىش كېرەك. (1) زامانىۋى سۇ ئۆلچەش، سۇ تېجەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلىتىش؛ (2) ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىلىرىنى قوللىنىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قۇرۇلۇشلىرىنى قۇرۇپ چىقىش؛ (3) سۇغىرىش پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەدرىجىي قوللىنىپ، سۇچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. (05)

# سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قىلىپ، رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

مېھرىگۈل مۆمىن
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايون بولۇپ، كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك قۇرغاق ئىقلىمغا كىرىدۇ. سۇ بايلىقى كەمچىل ھەم تەكشى بولمىغاچقا، يېزا ئىگىلىكىدە چەكلىك سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكى ئەڭ ئاساسلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ساھەلەرنىڭ بىرى. شۇڭا چەكلىك سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. سۇچىلىق ئىشلىرىدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى سۇچىلىقنى زامانىۋى سۇچىلىققا يۈزلەندۈرۈپ، سۇ بايلىقىنى ئېچىش بىلەن سۇنى تېجەپ پىلانلىق ئىشلىتىشنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

2. ئۈزۈكسىز تۈردە تېخنىكا يېڭىلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلغار تېخنىكىلارنى داۋاملىق كىرگۈزۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە سۇنى تېجەپ، پىلانلىق ئىشلىتىپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك.

3. يېقىنقى يىللاردىن بېرى سۇ ئامبارلىرى ۋە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەر كۆپلەپ ياسالغان بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئۈزۈكسىز كۆپەيگەنلىكتىن، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سۇ تېجەش تەدبىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش كېرەك.

4. ئىلمىي سۇغىرىش ۋە سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار ئاممىسىغا تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سۇ تېجەش ھەققىدىكى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى كۆپلەپ ئېچىپ، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە ئاممىغا قارىتا تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. قىسقىسى، رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۇچىلىق ئىشلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق يېڭى ۋە ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇنى تېجەشلىك ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىش ئارقىلىق، رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىغا يەتكىلى بولىدۇ. (05)

# ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يۈزىنى يۇزلەپ سۇ ئاقتۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى

رەيھانگۈل ئەيسا
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

نۆۋەتتە ھەرقايسى جايلاردا، ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يۈزىنى يۇزلەپ سۇ ئاققۇزۇشتا، قۇرۇق تاش تىزىش، سىمونت لاي بىلەن تاش تىزىش، بېتون تاختا تىزىش، سۇلياۋ ياتقۇزۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەيدىغان قىلىپ ياساش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يۈزىنى يۇزلەپ سۇ سىڭمەسلەشتۈرگەندە سۇ سىڭىپ كېتىشنى ئازلىتىپ، سۇنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. يەر ئاستى سۇ يۈزى يۇقىرى ئۆرلەپ، يەرلەرنى زەيلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئوتلۇقنى چوڭايتىپ، كېسەك يۈزىنى كىچىكلىتىپ، سۇنىڭ ئېقىم مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. تۇپراقنى سۇ يالاپ ئېقىتىپ كېتىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

بېتون تاختا بىلەن ئۆستەڭ سۇ يۈزىنى يۇزلەپ سۇ ئاققۇزۇش ئەڭ كۆپ قوللىنىۋاتقان، ئاددىي، ئىشلەش ئوڭاي ئۇسۇل بولۇپ، كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. بېتون تاختا بىلەن يۇزلىگەندە، تەننەرقى يۇقىرى بولسىمۇ، چىداملىقى كۈچلۈك سۇ ئېقىمىغا قارشىلىقى ئاجىز بولۇپ، قاش ئاسان بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئاسراپ ئىشلىتىشتە كۆپ كۈچ تەلەپ قىلمايدۇ. بېتون بىلەن يۇزلىگەندە نەق مەيداندا بېتون تاختا قويىسىمۇ ياكى ئالدىن تەييارلاپ قويغان بېتون تاختىنى تىزسىمۇ بولىدۇ. نەق مەيدانغا بېتون قويسا تاختىنىڭ قېلىنلىقى 8 ـ 12 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ، چاك ئاز قويۇلىدۇ، تەننەرخى تۆۋەن بولىدۇ. تەييار بېتون تاختىنى تىزىپ ياسىسا تەننەرخى يۇقىرى بولىدۇ، چاك كۆپ قويۇلىدۇ، سۈپىتى يۇقىرى بولىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تارىيىش ـ كېڭىيىش چاك قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاپان تاختىنىڭ ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىشىنى ۋە قىشتا توڭ كۆتۈرۈپ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۆستەڭنىڭ تاپان كەڭلىكى چوڭ بولسا ئاتكوس بىلەن تاپاننىڭ تۇتاشقان يۈزىگە ئۇزۇن سوزۇلغان ئۇزۇن چاك قويۇلىدۇ، يەنى توغرا چاكلار 2 ـ 5 مېتىر ئارىلىقتا بىردىن قويۇلىدۇ. يۇزلەنگەن بېتون تاختىنىڭ قېلىنلىقى چوڭ بولسا چاك ئارىلىقى چوڭ بولىدۇ، كىچىك بولسا چاك ئارىلىقىمۇ كىچىك بولىدۇ. (05)

# كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياساپ زىياننى ئازايتىش

سابىتجان مامۇت
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

كەلكۈن بىر تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەت بولۇپ، دەريا ئېقىنلىرىدە ياكى كەلكۈن يوللىرىدا دائىم كۆرۈلىدۇ، بولۇپمۇ ھۆل - يېغىن كۆپ چاغلاردا ئاسانلا كەلكۈن كېلىدۇ. دەريا - ئېقىنلاردا كەلكۈننى كونترول قىلىش خاراكتېرىدىكى سۇ ئامبارلىرى بولمىغاچقا، غول ئېقىن ۋە تارماق ئېقىنلاردا زور كەلكۈن سۇلىرى ئېقىپ كېلىپ، دەريا - ئېقىن قىرغاقلىرىدىكى مۇداپىئە ئورمان ۋە ئەسلىھەلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۈزلەڭلىك سۇغىرىش رايونلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، يەرلەرنى ۋە زىرائەتلەرنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، قاتناش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، ئاھالىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. زور كەلكۈن سۇلىرى ئېقىپ كەلسە، كەڭ دائىرىلىك ئاپەت پەيدا قىلىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىگە زور ئىقتىسادىي زىيان سالىدۇ.

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خەلقنىڭ ھاياتىي ۋە مال - مۈلكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇ ھەر ساھەنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ھەرقايسى كەلكۈن كېلىش ئېھتىمالى بولغان جايلاردا ئېقىن ۋادىسىنى بىرلىك قىلىپ، ئۇزۇن مەزگىللىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش پىلانىنى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبا، توسما قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ ياردەم مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلقنى سەپەۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، يەرلىك ئۇسۇل بويىچە ياغاچ ماتېرىيال ئارقىلىق ئاردماچ ياساش، بېتون قۇرۇلۇشى ئارقىلىق توسما ياساش، تاش ماتېرىيال ئارقىلىق دامبا ياساش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ تەييارلىق كۆرىدىغان، باش - ئاياغ ئېقىن زىچ ماسلاشقان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش ۋە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنى كەلكۈن مەزگىلىدىمۇ خاتىرجەم ياشايدىغان، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشى كاپالەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىش لازىم. (05)

# سۇغىرىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى

مەمەتئېلى ئەمەت
(لوپ ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدى 848200)

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيەمىزدە سۇ تېجىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى قۇرۇپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ناھىيەمىزدە ھەر يىلى سۇغىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى ئومۇمىي سۇ ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ 90% تىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيەمىز يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان رايون بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكتە سۇغىرىشقا سۇ ئىشلىتىش ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئىلمىي سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان نا مۇۋاپىق مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ سۇ تېجەش ۋە سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ناھىيەمىزدە ئېتىزلارنى سۇغىرىشتا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر:** (1) سۇغىرىش نورمىسى يۇقىرى، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن؛ (2) ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشلىرى ياخشى يورۇشلەشتۇرۇلمىگەن؛ (3) باشقۇرۇش سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇپ، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان؛ (4) تۇپراقنى ئۆزگەرتىش بىلەن تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىش ئەھۋالى ئوخشاشلا مەۋجۇت؛ (5) دېھقانلارنىڭ ئىلمىي سۇغىرىش ۋە سۇ تېجەش كۆزقارشى تۆۋەن بولغانلىقتىن، يۇقىرى تېخنىكىلىق سۇغىرىش ئۇسۇلى ئومۇملاشتۇرۇلمىغان.

**ھەل قىلىش ئۇسۇلى:** ① ناھىيەمىزنىڭ كىلىماتى قورغاق بولغاچقا ئاساسىي غول، تارماق ئۆستەڭلىرىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، سۇنىڭ سىڭىپ زىيانغا ئۇچرىتىشنى كونترول قىلالىغان بىلەن، ھاۋاغا پارغا ئايلىنىشنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش خىزمىتىنى كېڭەيتىش كېرەك. ② سۇ ئۆلچەش ئەسلىھەلىرىنى تولۇق ئورنىتىپ، نورمال يورۇشلىشىشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، ئېتىزلارنى تەكشىلەپ، سۇنىڭ ئېتىز ئىچىدە ئىسراپ بولۇشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش كېرەك. ③ سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك

# چۆجىلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرلىرى

ساۋۇت رىشىت
(كەلپىن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843500)

ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلار كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بەس - بەستە چۆجە سېتىۋېلىپ بېقىشقا باشلايدۇ. ئەمما چۆجىلەرنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقان - چارۋىچىلار دائىم دېگۈدەك بېقىپ باشقۇرۇشقا سەل قارىغانلىقتىن چۆجىلەر تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىپ، ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ باققاندىلا ئاندىن چۆجىلەرنىڭ ئەي بولۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**1. دېزىنفېكسىيە قىلىش:** چۆجە سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن چۆجىخانىنى ياكى چۆجە باقىدىغان كاتەكنى پاكىز تازىلاپ، ئاستىغا ھەرە كېپىكىنى تەكشى يېيىتقاندىن كېيىن دېزىنفېكسىيە دورىسى بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، دېزىنفېكسىيە دورىسىنىڭ غەيرىي پۇرىقى يوقىغاندىن كېيىن چۆجىخانىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 30℃ قا يەتكۈزۈپ، چۆجىلەرنى يۆتكەپ كىرسە بولىدۇ.

**2. چۆجە تاللاش:** چۆجە سېتىۋېلىشتا ساغلام چۆجىلەرنى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، چوقۇم تېتىك، پۈتلىرى مەزمۇت، كۆزلىرى نۇرلۇق،

پايدىلىنىپ، سۇغىرىش تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، سۇغا بولغان باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، كۆندۈزى سۇغىرىپ، كېچىسى سۇنى خالىغانچە قويۇۋېتىپ، سۇ بايلىقىنى ئىسراپ بولىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ④ تۈپراقنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە ياخشى بولغان سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق، سۇغىرىش رايونلىرىدىكى مۇنبەت تۈپراقلارنىڭ قايتا شورلىشىپ كېتىشىنى كونترول قىلىش كېرەك. ⑤ سۇغىرىشقا نورما بېكىتىش، سۇغىرىش گورۇپپىسى قۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە كەڭ ئاممىغا سۇ تېجەش، چەكلىك بولغان سۇ بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. (05)

پەيلىرى پارقىراق چۆجىلەرنى تاللاپ سېتىۋېلىش، ئەكسىچە پەيلىرى بۇلـ-
غانغان، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان، جايىدا جىم تۇرۇۋالىدىغان، كېسەل چۆ-
جىلەرنى سېتىۋالماسلىق كېرەك.

**3. ئۆز ۋاقتىدا سۇ بېرىش:** چۆجە تۇخۇمدىن چىقىپ 12 سائەتتىن كېيىن دەرھال پاكىز سۇ بېرىش كېرەك. بازاردىن سېتىۋالغان چۆجىلەرنى چۆجىخانىغا ئەكىرگەندە سۇنى بەك كۆپ بېرىۋەتمەي ئاز - ئازدىن كۆپەيـ-
تىپ بېرىش كېرەك.

**4. كۆخۈل قويۇپ بېقىش:** چۆجىلەرگە يەم بەرگەندە، يېيىشلىك، ئا-
سان ھەزىم بولىدىغان، دانچىسى كىچىك بولغان يەملەرنى بېرىش، 1 ـ 3 كۈنلۈك بولغان چۆجىلەرگە 24 سائەت ئىچىدە 6 ـ 8 قېتىمغىچە يەم بېرىش، تۆت كۈنلۈكتىن يۇقىرى بولغان چۆجىلەرگە 4 ـ 5 قېتىمغىچە يەم بېرىش، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىرىكمە يەم بىلەن بېقىش، يەمگە 10% ئەتراپىدا يېشىل ئوت ـ چۆپ ياكى كۆكتاتنى چاناپ قوشۇپ بېرىش كېرەك.

**5. تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش:** تېمپېراتۇرا چۆجىـ-
لەرنىڭ ئەي بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىل بولۇپ، يەتتە كۈن ئىچىدىكى چۆجىلەرنى 30℃ ـ 32℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا بېـ-
قىش، 14 كۈنلۈكتىن يۇقىرى بولغان چۆجىلەرنى 28℃ ـ 30℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا بېقىش، 21 كۈنلۈكتىن يۇقىرى بولغان چۆجىلەرنى 25℃ ـ 30℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا بېقىش، 30 كۈنلۈكتىن يۇقىرى بولغان چۆجىلەرنى 22℃ ـ 25℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا بېقىش، كېيىنكى ھەر ھەپـ-
تىدە تېمپېراتۇرىنى ئىككى گىرادۇس ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىش، چۆجىخانـ-
نىڭ نەملىكىنى 50% ـ 60% ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك.

**6. بېقىش زىچلىقىغا ۋە يورۇقلۇققا ئەھمىيەت بېرىش:** چۆجىلەر-
نى بەك زىچ باقماسلىق، چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بېقىش بېقىش زىچـ-
لىقىنى تەڭشەش كېرەك. ئادەتتە، ھەر كىۋادرات مېتىر يەردە 30 كۈنلۈكـ-
تىن كىچىك بولغان چۆجىلەردىن 20 ـ 25 دانە، 30 كۈندىن چوڭ بولغان چۆجىلەردىن 10 ـ 20 دانە باقسا مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يورۇقلۇققا ئەھمىيەت بېرىپ، 15 كۈنلۈكتىن كىچىك بولغان چۆجىلەرگە كۈنىگە 16 ~ 19 سائەت يورۇقلۇق بىلەن تەمىن ئېتىشكە كاپالەتلىك قىـ-
لىش كېرەك.

**7. كۆخۈل قويۇپ باشقۇرۇش كېرەك:** چۆجىخانىنىڭ ھاۋاسىنى قە-

# ئۆي ھايۋانلىرى ئېھتىياجلىق مىنېرال ئوزۇقلۇقلار

بەگمۇرات
(قورغاس ناھىيە 64 ـ دۈيزىيە ئورگىنىدىن 835200)

ئۆي ھايۋانلىرى ئاساسلىقى كالتسىي، فوسفور، ناترىي، خلور قاتار ـ لىقلارغا ئېھتىياج بولىدۇ. ئۆسۈملۈك خاراكتېرلىك ئوزۇقلۇقلارنىڭ تەر ـ كىبىدە دائىم ناترىي بىلەن خلور كەمچىل بولىدۇ. بىراق، كالتسىي بىلەن فوسفورنىڭ نىسبىتىمۇ تەڭپۇڭ بولمايدۇ ھەم ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئېھتىـ ـ ياجىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئادەتتە، ھايۋانات خاراكتېرلىك ئوزۇقلۇقلاردا مىـ ـ نېرال ماددىلار بىرقەدەر مول بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇق راتسيونىدا ھەر دائىم بەزى مىنېرالنى ماددىلار كەمچىل بولۇپ تۇرغاچقا، مىنېرال ماددىلارنى تولۇقلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دائىم تولۇقلاپ تۇ ـ رۇشقا تېگىشلىك مىنېرال ماددىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

**1. ئاش تۇزى:** مۇۋاپىق ئاش تۇزى بېرىش ئارقىلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ناترىي بىلەن خلورغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى ھەم ئوزۇقلۇقنىڭ تەمىنى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاش تۇزى ئادەتتە يەم ـ بوغۇزلارغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ پايدىلىنىش

---

رەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش، چۈجىلەرنىڭ قىستىلىپ بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن، چوقۇلاپ يارىلاندۇرۇپ قويۇشتىن، مۈشۈك، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىـ ـ دىن ساقلىنىش لازىم. چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىققان كۈنى مارېك ۋاكسىنىـ ـ سىنى ئەملەش، يەتتە كۈنلۈك بولغاندا ۋابا ۋاكسىنىسىنى ئەملەش، 14 كۈنلۈك بولغاندا مارېك ۋاكسىنىسىنى 2 ـ قېتىم ئەملەش، 18 كۈنلۈك بولغاندا فابىرا ۋاكسىنىسىنى ئەملەش، 21 كۈنلۈك بولغاندا قۇشلارنىڭ تارقىلىشچان زۇكام ۋاكسىنىسىنى ئەملەش، 30 كۈنلۈك بولغاندا ۋابا ۋاكسىنىسىنى 2 ـ قېتىم ئەملەش، ئىچىدىغان سۈيىگە 0.02% لىك فۇرا ـ زولىدون (痢特灵) نى، يېمىگە 0.1% ئەتراپىدا خلورومىتسىن (氯霉素) نى قوشۇپ بېرىش ۋە قەرەللىك تۈردە كېسەل چۈجىلەرنى ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. (02)

نىسبىتى بىر ىكمە ئوزۇقلۇقلار بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئات، كالا، قويلارغا 1%، توخۇغا 0.5% بېرىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر يەم - بوغۇز بېرىلمىسە، كالىغا كۈندە 20 - 80 گىرام، ئاتقا 20 - 50 گىرام، قويغا 5 - 15 گىرامدىن ھېسابلاپ بەرسە بولىدۇ، بۇنىڭدا ئاش تۇزىنى بىۋاسىتە ياكى ئوقۇردا ئىختىيارى يېگۈزگەن ياخشى.

**2. سۆڭەك پاراشوكى:** ئادەتتە پىشۇرۇلغان سۆڭەك پاراشوكى، خام سۆڭەك پاراشوكى ۋە كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەك كۈلى قاتارلىق ئۈچ خىل بولىدۇ. (1) پىشۇرۇلغان سۆڭەك پاراشوكىنى چارۋا ماللارنىڭ يېڭى سۆڭىكىنى يۇقىرى بېسىمدا قاينىتىش ئارقىلىق ئورگانىك ماددىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، سوقۇپ تالقانداپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەركىبى فوسفور، كالتسىي بولۇپ، كالتسىي تەركىبى 38%، فوسفور تەركىبى 20% ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئاقسىل ۋە ماي بولسىمۇ، لېكىن ئۆي ھايۋانلىرى ئۈچۈن كالتسىي، فوسفورنى تولۇقلاشتىكى مۇھىم ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ (2) خام سۆڭەك پاراشوكىنى يۇقىرى بېسىمدا بىر تەرەپ قىلماستىن، قاينىتىش ئارقىلىقلا سوقۇپ ياسايدۇ. تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇق تەركىبى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ؛ (3) كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەك پاراشوكىنىڭ تەركىبىدە 22% كالتسىي ۋە 11% فوسفور بولۇپ، كالتسىي، فوسفورنى تولۇقلاش رولى خېلى ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

**3. تۇخۇم شاكىلى پاراشوكى:** تۇخۇم شاكىلىدا تەخمىنەن 40% ئەتراپىدا كالتسىي بولۇپ، قاتتىق دېزىنفېكسىيەلەنگەندىن كېيىن، سوقۇپ پاراشوك ياسىلىدۇ، بۇنى كالتسىي تولۇقلايدىغان ئوزۇق قاتارىدا ئۆي ھايۋانلىرىغا بەرگەندە، ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

**4. قۇلۇلە پاراشوكى:** قۇلۇلە قېپىنى قاينىتىپ دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ياسىلىدۇ. تەركىبىدە 40% ئەتراپىدا كالتسىي بولۇپ، ئۆي ھايۋانلىرىغا بەرگەندە، ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ. (02)

# ئۈچ خىل مۈلۈكنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

ئارۇبجان مەرۇپ
(غۇلجا ناھىيە يېڭىتام يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن 839000)

نۆۋەتتە غولجا ناھىيەسى كەنت ھېسابىنى يېزا ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى يېزىلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتى مەسئۇللۇقىدا «كەنت ھېسابىنى يېزا باشقۇرۇش» ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى. يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش تور سىستېمىسى ۋە كەنت دەرىجىلىك مالىيەنى ئاشكارىلاش سىستېمىسى ئاپتوماتلاشتى، شۇنىڭ بىلەن كەنت مالىيەسىنىڭ توغرىلىقى، دەل ۋاقىتلىقى كاپالەتكە ئىگە بولدى. بىر قاتار تۈزۈملەر مۇكەممەللىشىپ، كەنت مالىيەسىنى باشقۇرۇش يېزا - بازارلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈشىگە كىرگۈزۈلدى. مەخسۇس تۈزەشنى كۈچەيتىپ، تالون باشقۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئەمما ئۈچ خىل مۈلۈك يەنى مۈلۈك، مۈلۈك مەنبەسى، مەبلەغ باشقۇرۇشتا بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. يەرنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى، كەنتتە ئاساسەن كوللېكتىپ مۈلكى قالمىدى، باشقۇرۇش ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. (1) ئامما ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىدىغان بولدى؛ (2) ئەھۋال مۇرەككەپ، باشقۇرۇش تەس بولۇپ، يېزىلاردىكى «ئۈچ» خىل مۈلۈكنى باشقۇرۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر بولدى، «ئۈچ» خىل مۈلۈكنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، نەق پۇلمۇ بار، ئەمەلىي نەرسىمۇ بار ھەم مەبلەغ مەنبەلىرىمۇ بار، يەنە يۆتكىلىشچان مۈلۈكمۇ بار، مۇقىم مۈلۈكمۇ بار ھەم دۆلەتنىڭ يېزىلارغا ئاجراتقان مەبلىغىمۇ بار، تۈرلۈك تولۇقلىما ياردەم پۇلىمۇ بار، ھەم كوللېكتىپ كىرىمىمۇ ھەم مەبلەغ توپلاشمۇ بار، ياردەم مەبلەغمۇ بار. شۇڭا كۈچلۈك بولغان مۇرەككەپلىك خاراكتېرىگە ئىگە، كۆپ خىللىققا ئىگە بولغاچقا باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق كۆپەيدى.

2. «ئۈچ» خىل مۈلۈكنى باشقۇرۇش ئاساسى ئاجىز، تىزىملىغان مۈنبەر دەپتەرنى باشقۇرۇش تولۇق ئەمەس، بوغالتىر خادىملارنىڭ ئالمىشىشى كۆپ، بوغالتىرلىق خىزمەت ئاساسى ئاجىز، بوغالتىرلىق دەپتەرلەر تولۇق ئەمەس، شۇڭا «ئۈچ» خىل مۈلۈكنى باشقۇرۇشتا بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

3. **ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر:** (1) قىسمەن كەنت كادىرلىرى ئۆزىنىڭ ئورنى، مۇئاشى ئەمەلىيلەشمەسلىكتىن ئەنسىرەيدۇ، پۇل ئىشلىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، كىرىم قىلغان پۇللارنى ۋاقتىدا مەخسۇس بانكا ھېسابىغا قويماسلىق، كىرىمنى چىقىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ھېساب

يوللىغاندا بىر دۆۋە قورۇق تالون چىقىمىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىگە قارىماسلىق تۈپەيلىدىن، بوغالتىرلىق مۇلازىمەت مەركىزىنى پاسسىپ ھېسابات خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللىرى مەۋجۇت؛ (2) كىرىمنى ئامانەت ھېسابىغا كەلتۈرمەي، بىۋاستە چىقىم قىلىش خائىشى شەكىللىنىپ، كەنت خىزمىتىنىڭ يۈرۈشۈشىگە قىيىنلىق ئېلىپ كەلگەن ئەھۋاللار مەۋجۇت؛ (3) قايتۇرۇلغان كىرىمنى ھېسابقا خاتىرىلىمەسلىك ئەھۋاللىرى مەۋجۇت؛ (4) دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارلاش قېلىپلاشمىغان. شۇڭا بەزى ئورۇنلاردا ھۆددىگە بېرىش دېموكراتىك تەرتىپ بويىچە ئاشكارە بولمىغان. ئاشكارە خېرىدار چاقىرىلمىغان. كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش پەقەت مالىيەگىلا قارىتىلىپ، «ئۈچ» خىل مۈلۈككە سەل قارالغان؛ (5) توختام ئىمزالاش قېلىپلاشمىغاچقا كوللېكتىپ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان. توختام ماددىلىرى تولۇق ئەمەس،ھەتتا يازما توختام يوق. كوللېكتىپ «ئۈچ» خىل مۈلۈك كىرىمى تۆۋەن بولغان.

**«ئۈچ خىل» مۈلۈكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ:** ① ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ «ئۈچ خىل» مۈلۈكنى باشقۇرۇشتىكى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. «ئۈچ خىل» مۈلۈك باشقۇرۇش خىزمىتى قارىماققا كەسپىي خىزمەت. ئەمەلىيەتتە سىياسىي خىزمەت، مۇقىملىق خىزمەت، شۇڭا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ خىل» مۈلۈكنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھۆكۈمەتنىڭ تەرەققىيات، مۇقىملىقنى تۇتۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىش كېرەك؛ ② بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئۈچ خىل» مۈلۈكنى ئېنىقلاش ئاساسىدا تەكتىنى قايتا ئېنىقلاش، «ئۈچ خىل» مۈلۈككە دەپتەر تۇرغۇزۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئارخىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ③ «ئۈچ خىل» مۈلۈكنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈمنى، يەنى مۈلۈك، مەبلەغنى ئېنىقلاش چېگرىسىنى ئايرىش، دەپتەر تۇرغۇزۇش تۈزۈمى، دېموكراتىك ئاشكارىلاش تۈزۈمى، مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، تەستىقلاش تۈزۈمى، كوللېكتىپ مۈلۈكنى ھۆددىگە بېرىش ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئۆزگىرىش، مۈلۈكنى باھالاش تۈزۈمى، تورغا خېرىدار چاقىرىش تۈزۈمى، ھەقدارلىق، قەرزدارلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى، توختام باشقۇرۇش تۈزۈمى (توختامنى تەكشۈرۈش، بىرلىككە كەلگەن توختام بولۇش)، «ئۈچ خىل» مۈلۈكنى يىللىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، ھوقۇقنى ئىسلاھ قىلىش چارىسى، كوللېكتىپ يەرلىرىنى تەرتىپلىك ئۇبوروت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ④ نازارەتنى كۈچەيتىپ، «كەنت ھېسابى»نى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**8 ـ ماددا** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار بىرلەشمىسى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، پىئونېرلار ئەترىتى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشىغا ھەمكارلىشىدۇ.

**9 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**10 ـ ماددا** ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر ياخشى، ئىناق ئائىلە مۇھىتى يارىتىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇلارنى بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشى كېرەك.

قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ئائىلىدە زۇلۇم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى خورلاش، تاشلىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ، بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشى ۋە ناكار قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار مەنئى قىلىنىدۇ، قۇرامىغا يەتمىگەن قىزلار ياكى مېيىپلارنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

**11 ـ ماددا** ئاتا ـ ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ئەھۋالى ۋە قىلىقىغا دىققەت قىلىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ساغلام ئىدىيە، ياخشى پەزىلەت، مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەپ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىققا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، تورغا مەستانە بولۇش ۋە قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش، ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەردە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى توسۇشى لازىم. (05)

# قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

باھارگۈل تۇرۇپ
(قاغىلىق ناھىيە چامچىلىق يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 844900)

1. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلەتكەندە، بىخەتەرلىك تېخنىكا مەشغۇلات تەرتىپىنى ئىجرا قىلىش، مەشغۇلاتچى ئىزولياتسىيەلىك ئاياغ، پەلەي قاتارلىق ئەمگەك مۇھاپىزەت بۇيۇملىرىنى كىيىشى ھەمدە ئىزولياتسىيەلىك تاختاي ئۈستىدە تۇرۇپ مەشغۇلات قىلىش لازىم.

2. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىغا ئۇلىنىدىغان توك مەنبەسىگە توك قېچىشتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنى ئورنىتىش، سايمانغا سەپلەنگەن ئۆتكۈزگۈچ سىم، روزېتكا، شتېپسېل قاتارلىقلار تەلەپكە لايىق بولۇش لازىم.

3. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمىنىنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەندە، نۆل سىمغا ئۇلاش ۋە ئىزولياتسىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش لازىم.

4. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىمىغا يالتىراق قاپلىغان سىمنى ئىشلەتمەسلىك، ئىزولياتسىيەلىك رېزىنكە قاپلىغان سىمنى ئىشلىتىش؛ ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ ئىككى بېشىنى پۇختا ئۇلاش، ئىچكى قىسمىنى توغرا ئۇلاش، بولۇپمۇ ساپاقنىڭ ئۇچىدىكى سىمنىڭ مۇھاپىزەت پوستىنىڭ ساق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم.

5. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمىنىنىڭ ئۆتكۈزگۈچ سىمىدا ئۇلاق بولماسلىق، سىمنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بەش مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم.

6. قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى تۇتقۇچىدىن كۆتۈرۈپ يۆتكەش، ئۆتكۈزگۈچ سىم تارتىپ سۆرىمەسلىك، تۇتقۇچنىڭ ئىچىدىكى سىمنىڭ ئالمىشىپ ئاجراپ كېتىپ، ئەسۋابنىڭ قېپىغا توك ئۆتۈپ قالماسلىقى ياكى توك ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن قالايمىقان ئۆرۈپ ئايلاندۇرماسلىق، قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ئۇچى ئادەمگە تېگىپ مېخانىكىلىق زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

7. ئوت چاچراپ ئوت ئاپىتى ياكى پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قولدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ماتېرىياللار بار سورۇندا ئىشلەتمەسلىك لازىم. (02)


ئۇلۇغلۇق ئىلىم بىلەن كېلىدۇ
SHEYDAYI

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !



قىشتا ئىللىق كىيىنىش — سالامەتلىككە پايدىلىق

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى


# يېزا پەن — تېخنىكىسى
(ئايلىق ژۇرنال)

# 农村科技
(月刊)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن -تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075

مۇھەررىرلەر: ئايلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016